ئالىي مائارىپ يۈزىسىدە ئۆزلۈكىدىن "ئۆگىنىش
ئىمتىھانى بېرىدىغانلار ئۈچۈن

تولۇقلانغان
يېڭىدىن تۈزۈلگەن

# لوگىكىدىن سوئال - جاۋابلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

يۇقىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

## ئالىي ماتارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن يېزىلغان تۈزۈلگەن ماتېرىياللار

1. دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى سوئال - جاۋابلار
2. ماركسىزملىق پەلسەپە ئاساسلىرىدىن سوئال - جاۋابلار
3. پەلسەپەدىن سوئال - جاۋابلار
4. لوگىكىدىن سوئال - جاۋابلار
5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن سوئال - جاۋابلار
6. ئەدەبىياتشۇناسلىقتىن سوئال - جاۋابلار
7. يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار
8. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار
9. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار
10. ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار
11. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن سوئال - جاۋابلار
12. يېزىقچىلىق ئاساسلىرىدىن سوئال - جاۋابلار
13. جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار
14. جۇڭگو ھازىرقى ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار
15. خەنزۇ تىلى ئاساسى
16. تەرجىمە نەزەرىيىسى
17. خەنزۇ تىلى ئوقۇشلۇقى
18. خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى
19. خەنزۇ تىلى ئەدەبىي ئوقۇشلۇقى

لوگىكىدىن سوئال - جاۋابلار

ISBN 7-5373-0831-4
G·149 (U) باھاسى: 8.50 يۈەن

ISBN 7-5373-0831-4

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

# لوگىكىدىن سوئال - جاۋابلار

تۈزگۈچى: ئەمەتجان ياسىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（C I P）数据**

逻辑学问答 / 艾麦提江·牙森编著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2001.2
ISBN 7—5373—0831—4

Ⅰ.逻...　Ⅱ.艾...　Ⅲ.逻辑—问答—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.B81—44

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 06774 号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号邮编:84400）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**新疆《 工人时报 》印刷厂印刷**
787×1092 **毫米** 1/32 **开本**　5.5 **印张**
2001 **年** 3 **月 第** 1 **版**　　2001 **年** 3 **月　第** 1 **次印刷**
**印数**:1 — 3110　**定价**:8.50 **元**

# مۇندەرىجە


I باب مۇقەددىمە ........................ 1
II باب ئۇقۇم ........................ 11
III باب ھۆكۈم ........................ 36
IV باب قوشما ھۆكۈم ........................ 50
V باب خۇلاسە (1) ........................ 60
VI باب خۇلاسە (2) ........................ 81
VII باب يىغما خۇلاسە ........................ 96
VIII باب سىلىشتۇرما خۇلاسە ........................ 109
IX باب ئىسپاتلاش ........................ 114
X باب تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ........................ 123
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1) 133
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2) 139
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3) 147
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1) نىڭ جاۋابلىرى ........................ 156
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2) نىڭ جاۋابلىرى ........................ 161
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3) نىڭ جاۋابلىرى ........................ 165

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئالىي مائارىپ بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن ئورتاق دەرسلىك قىلىپ بېكىتىلگەن ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ، دەرسلىكنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىككە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇزاق يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىمىزگە تايىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇ كىتابتا ھازىر قوللىنىلىۋاتقان دەرسلىكتىكى ئىگىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىلىم نۇقتىلىرى، ئاساسىي چۈشەنچىلەر ئۆلچەملىك سوئال - جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىندى؛ دەرسلىك تەرتىپى بويىچە مەزمۇن تولۇق بولۇش، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇش، ئىگىلەشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى قالدۇرماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن بۇرۇن سوئاللارنىڭ تەلىپى ئاساسىدا ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈش مەقسەت قىلىنغان ئۈچ يۈرۈش ئۆلچەملىك، ئەڭ يېڭى تىپتىكى تەقلىدىي سوئاللار بېرىلدى.

كىتاب چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئوبيېكت

قىلىپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «لوگىكا» نى تەكرارلىشىدا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە دەرس تەييارلاش جەھەتتە پايدىلىنىشىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ۋاقتىنىڭ قىسلىقى، بىلىمىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، كىتابتا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ جەھەتتە كەسپداشلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

# I باب  مۇقەددىمە

**1. «لوگىكا» دېگەن ئاتالغۇ قانداق كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: «لوگىكا» دېگەن ئاتالغۇ قەدىمكى يۇنان تىلىدىكى λogos (لوگوس) ۋە ئۇنىڭغا مەنىداش بولغان λogo (لوگو) سۆزى ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ سۆز ئەينى ۋاقىتتا ئىدىيە، سۆز ـ ئىبارە، ئەقىل، قانۇنىيەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. كېيىنچە بۇ پەننى ئوخشاشمىغان ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ ئوخشاشمىغان مەنىلەردە قوللانغان. ئەمما، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ خىل ئاتاشلار بۇ پەننىڭ خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئەينى چاغدىكى نىسبەتەن چوڭ تىل بولغان لاتىن تىلىدىكى "Logika" (لوگىكا) دېگەن سۆزنى تەپەككۇر ئىلمى دېگەن مەنىدە قوللىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر شۇ مەنە، شۇ خىل تاۋۇش (ئاھاڭ) بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇر تىلىمىزدا ھازىر لاتىن تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «لوگىكا» سۆزىدىن باشقا ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «مەنتەقە» ، «ئەقىل» دېگەن سۆزلەر بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**2. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدا «لوگىكا» دېگەن سۆز قانداق مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ؟**

جاۋاب: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «لوگىكا» سۆزى كۆپ

مەنىلىك سۆز بولۇپ تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

1. شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى ۋە يۈنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

1) «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ لوگىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ».

2) پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قورۇلۇشىغا بۇراش، جۇڭگو جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ لوگىكىسىغا ئۇيغۇن ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر.

2. ئالاھىدە نەزەرىيە، نۇقتىئىنەزەر، مەسىلىلەرگە قاراشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

زومىگەرلىكنىڭ قاراقچىلىق لوگىكىسىنى پاش قىلىش لازىم.

3. تەپەككۇرنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيىتىگە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن، لوگىكىغا ئۇيغۇن يەكۈن چىقىرىلىشى كېرەك.

4. بىر ئۆگەنمەكچى بولغان «لوگىكا» ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بەلگىلىك لوگىكا بىلىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

### 3. «لوگىكا» ئىلمى قانداق پەن، ئۇ قانداق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: «لوگىكا» ئىلمى — ئىنسانلار تەپەككۇرى توغرىسىدىكى ئىلىم بولۇپ، ئۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تارماقلىق زور بىر پەن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىر بۇ پەننى دىئالېكتىك لوگىكا، فورمال لوگىكا، قانۇن لوگىكىسى، فىزىمات لوگىكىسى، ئومۇمىي لوگىكا، قىزىقارلىق لوگىكا قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**4. تەپەككۇر دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟**

جاۋاب: بىز بۇ يەردە دەۋاتقان تەپەككۇر لوگىكىلىق تەپەككۇر بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشى مېڭىسىدىكى توغرا ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تەپەككۇر ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا مەنسۇپ، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش باسقۇچى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ھېسسىي بىلىش باسقۇچى ۋە ئەقلىي بىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئەقلىي بىلىش باسقۇچى ئەمەلىيەتتە لوگىكىلىق تەپەككۇر باسقۇچىدۇر.

**5. لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟**

جاۋاب: لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ مۇنداق ئىككى تۈپ ئالاھىدىلىكى بار: بىرى، تەپەككۇرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى، يەنە بىرى، تەپەككۇرنىڭ ۋاستىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى.

تەپەككۇر ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە دېگىنىمىز، شەيئىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان بەلگىلىرى ئىچىدىن ئورتاق ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تەپەككۇرنىڭ ۋاستىلىكى بولسا ھېسسىي بىلىشنى ۋاستە قىلىپ، ئەقلىي بىلىشكە ئۆتىدىغانلىقى ۋە ئەسلىدە بار بولغان بىلىملەردىن يېڭى بىلىملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدۇر.

**6. تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

جاۋاب: تەپەككۇر بىلەن تىل ھەم زىچ بىرلىك، ھەم روشەن

پەرققە ئىگە ئىككى نەرسە. تەپەككۇر بىلەن تىلنى زىچ باغلانغان دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: تەپەككۇر تىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يەنى تىل تەپەككۇرنىڭ بىۋاسىتە رېئاللىقى. كىشىلەر تەپەككۇر پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا ھامان تىل شەكىللىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. تەپەككۇر پىكىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، تىل بولسا پىكىرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. شۇڭا، تەپەككۇر بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دېيىشكە بولىدۇ. تەپەككۇر ئىپادىلەنگۈچى مەزمۇن، تىل ئىپادىلىگۈچى شەكىل. مانا بۇلار مۇشۇنداق چەمبەرچاس باغلانغان ئىككى تەرەپ. روشەن پەرقى بار دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇلار ئەينەن بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى يەنىلا ماھىيەت جەھەتتە تۈپتىن پەرقلىق بولغان مەزمۇن بىلەن شەكىلدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل.

## 7. تەپەككۇر قايسى پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى؟

جاۋاب: تەپەككۇر يالغۇز لوگىكا (دىئالېكتىك لوگىكا، فورمال لوگىكا، قانۇن لوگىكىسى، فىزىمات لوگىكىسى، قىزىقارلىق لوگىكا) ئىلمىنىڭلا تەتقىقات ئوبيېكتى بولماستىن، يەنە پەلسەپە، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، تىلشۇناسلىق، كونتروللشۇناسلىق، ئىنفورماتسىيە ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنىڭمۇ تەتقىقات ئوبيېكتى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى پەنلەرنىڭ تەپەككۇرنى تەتقىق قىلىش دائىرىسى، تەرتىپى ۋە تەتقىقات سالمىقى ئوخشاشمايدۇ.

## 8. ئومۇمىي لوگىكا قانداق پەن؟

جاۋاب: ئومۇمىي لوگىكا — تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرىنى، تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى ۋە

تەپەككۇرنىڭ بىر قىسىم ئاددىي لوگىكىلىق ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**9. تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكلى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكلى دېگىنىمىز، تەپەككۇر مەزمۇنلىرىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئارىسىدىكى باغلىنىش شەكىل قۇرۇلمىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇ: ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارىتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە پىكىرلەرنىڭ ئورتاق بولغان ئومۇمىي شەكىل قۇرۇلمىسى تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ.

1. ھەرقانداق جاندار — ئوزۇقلۇققا موھتاج.
2. بارلىق تاۋار — ئەمگەك مەھسۇلاتى.
3. ھەممە ئادەم — قانۇن ئالدىدا باراۋەر.
4. بارلىق مېتال — توك ئۆتكۈزىدۇ.

يۇقىرىقى بۇ تۆت ھۆكۈمنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ئوخشاش ئەمەس. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر لوگىكىلىق شەكىلگە ئىگە. يەنە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۈپەت مىقدارى ئوخشاش بولغان خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم. ئەگەر بۇ تۆت ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈم ئوبيېكتى بولغان «جاندار»، «تاۋار»، «ئادەم»، «مېتال» لارنى «S» ھەرپى بىلەن، ھۆكۈم ئوبيېكتلىرىنىڭ خاراكتېرى بولغان «ئوزۇقلۇققا موھتاج»، «قانۇن ئالدىدا باراۋەر»، «ئەمگەك مەھسۇلاتى»، «توك ئۆتكۈزىدۇ» دېگەنلەرنى «P» ھەرپى بىلەن ئىپادىلىگەندە، ئۇلارغا ئورتاق بولغان مۇنداق بىر شەكىل ھاسىل بولىدۇ: ھەممە S — P دۇر.

تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ باقايلى:

1. ھەرقانداق جاندار ئوزۇقلۇققا موھتاج.
ئادەممۇ جاندار.
دېمەك، ئادەممۇ ئوزۇقلۇققا موھتاج.
2. زەھەرلىك نەرسىنى يېيىشكە بولمايدۇ.
بور زەھەرلىك.
شۇڭا، بورنى يېيىشكە بولمايدۇ.
3. ھەققانىي ئىش جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ.
بىزنىڭ ئىشىمىز ھەققانىي ئىش.
شۇڭا، بىزنىڭ ئىشىمىز جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراكتېرلىكۈچى ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئوخشاش ئەمەس. ئەمما، شەكىل قۇرۇلمىسى ئوخشاش.

$$\begin{array}{l} P \text{ —— } M \\ M \text{ —— } S \\ \hline \therefore\ P \text{ —— } S \end{array}$$

ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسىلەردىكى مۇشۇنداق لوگىكىلىق قۇرۇلمىلار تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرى دېيىلىدۇ.

## 10. ئۆزگىرىشچان ئەزا ۋە تۇراقلىق ئەزا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۆزگىرىشچان ئەزا دېگىنىمىز، لوگىكىلىق شەكىللەر تەركىبىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۆلەك، يەنى ھەرقانداق بىر كونكرېت مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ.

تۇراقلىق ئەزا دېگىنىمىز، لوگىكىلىق شەكىللەرنىڭ

ئۆزگەرمەي مۇقىم تۇرىدىغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئەينى بىر لوگىكىلىق شەكىلدە هامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بۆلەكتىن ئىبارەت.

مەسىلەن، «هەممە S — P دۇر» دېگەن قۇرۇلمىدا «هەممە» بىلەن «دۇر» تۇراقلىق ئەزا. «S» بىلەن «P» ئۆزگىرىشچان ئەزادۇر. چۈنكى، «S» بىلەن «P» ۋەكىللىك قىلغان كونكرېت مەزمۇننى ئۆزگەرتىپ، ئورنىغا هەرقانداق بىر كونكرېت ئۇقۇمنى قويۇشقا بولىدۇ. ئەمما، «هەممە» بىلەن «دۇر» شۇ قۇرۇلمىدا ئۆزگەرمەي ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇقىم ساقلايدۇ. دېمەك، تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكلى تۇراقلىق ئەزا بىلەن ئۆزگىرىشچان ئەزادىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.

## 11. تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بۇ، كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش جەريانىدا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئەقەللىي قانۇنىيەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئەينىيەت قانۇنىيىتى، زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا (ئۈچىنچىسىدىن خالىي بولۇش) قانۇنىيىتى ۋە ئاساس يېتەرلىك بولۇش قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت قانۇنىيەتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## 12. تەپەككۇرنىڭ ئاددىي لوگىكىلىق ئۇسۇللىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەپەككۇرنىڭ ئاددىي لوگىكىلىق ئۇسۇللىرى — كىشىلەر تەپەككۇر پائالىيىتىدە دائىم قوللىنىدىغان بەزى ئاددىي لوگىكىلىق ئۇسۇللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسلىقى كۆزىتىش، ماتېرىيال توپلاش، تەجرىبە قىلىش، سېلىشتۇرۇش، تەهلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، سەۋەب ـ نەتىجىلىك باغلىنىشلارنى

ئىزدەش، ئۇقۇملارنى بۆلۈش، تەبىرلەش، كېڭەيتىش ۋە تارايتىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن ئىبارەت.

**13. ئومۇمىي لوگىكىنىڭ دىئالېكتىك لوگىكا ۋە ماتېماتىكىلىق لوگىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟**

جاۋاب: دىئالېكتىك لوگىكا، ماتېماتىكا لوگىكىسى ۋە ئومۇمىي لوگىكا قاتارلىقلار لوگىكا ئىلمىي سىستېمىسىدىكى بىر دىنبىر پەرقلىق تارماقلار بولۇپ، دىئالېكتىك لوگىكا ئىنسانلارنىڭ دىئالېكتىك تەپەككۇرىنىڭ («ئوبيېكتىپنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش ۋە يوقالغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىش توغرىسىدىكى») شەكىللىرى، قانۇنىيەتلىرى ۋە مېتودلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ماتېماتىكىلىق لوگىكا يەشمە خۇلاسىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئۇ ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار، يەنى سۈنئىي تىل (ئالاھىدە بەلگىلەر) ئارقىلىق ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىنتايىن پۇختا بەلگىلەر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئۇنى شەرتلىك بەلگىلەر لوگىكىسى دەپ ئاتىشىدۇ.

ئومۇمىي لوگىكا بولسا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي تىلىنى ئاساس (قورال) قىلغان بولۇپ، تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرى، قانۇنىيەتلىرى ۋە رېئاللىقنى بىلىشنىڭ قىسمەن ئاددىي لوگىكىلىق ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئومۇمىي لوگىكىمۇ زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا بەزى بەلگىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئومۇمىي لوگىكىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەرقانداق بىر پەن ھامان ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە خۇلاسىدىن پايدىلىنىپ نەزەرىيە ھاسىل

قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ھەممە پەن ئۆز تەلىمات سىستېمىسىنىڭ لوگىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەت ئاساسىدا پۇختا لوگىكىلىق شەكىلگە ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى: ھەرقانداق پەندە لوگىكا تەتبىق قىلىنىدۇ. قىسقىسى، يۇقىرىقى ئۈچ خىل لوگىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، دائىرىسى ۋە ئۇسۇلى پەرقلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ.

## 14. ئومۇمىي لوگىكىنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: ئومۇمىي لوگىكىنىڭ بىلىش جەريانىدىمۇ، ئىسپاتلاش جەريانىدىمۇ مۇھىم رولى بار. ئومۇمىي لوگىكىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش، كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشتە، زېھنىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمىي لوگىكىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئومۇمىي لوگىكىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى توغرا بىلىش ۋە يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم بىر خىل كاپالىتى.

2. كىشىلەرنىڭ ئۆز پىكىرلىرىنى توغرا ئىپادىلەش ۋە مەنتىقىي ئىسپاتلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

3. كىشىلەرنىڭ سەپسەتە، نەيرەڭۋازلىقلارنى ئېچىپ تاشلىشى ۋە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

4. كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى كونكرېت پەنلەرنى ئۆگىنىش ۋە

ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

5. كىشىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

## 15. ئومۇمىي لوگىكىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: 1. ئۆگىنىش مەقسىتى ئېنىق، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولۇش لازىم.

2. لوگىكىنىڭ ئاساسىي ئۇقۇم ۋە نەزەرىيىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەۋەب قىلىش كېرەك.

3. كۆپ مەشىق قىلىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# II باب ئۇقۇم

## 1. ئۇقۇم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇقۇم — ئوبيېكتنىڭ خاس ۋە ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تەپەككۇر شەكلى.

ئۇقۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن ئوبيېكتنىڭ بەلگىسى، خاس بەلگىسى، ماھىيەتلىك بەلگىسى ۋە ماھىيەتسىز بەلگىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك.

## 2. ئوبيېكتنىڭ بەلگىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوبيېكتنىڭ بەلگىسى — شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان بەلگە، خۇسۇسىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ باشقا ئوبيېكتلار بىلەن بولغان خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىبارەت. يەنى ئوبيېكتنىڭ رەڭگى، شەكلى، تەمى، پۇرىقى، ئىچكى قۇرۇلمىسى، ھەتتا پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق خاراكتېرلىرى ھەمدە چوڭ - كىچىكلىك، ئېگىز - پەسلىك، كۈچلۈك - ئاجىزلىق، ياخشى - يامانلىق، تىرىشچان - ھورۇنلۇق، ئامراقلىق ياكى بىزارلىق، باي - كەمبەغەللىك دېگەنلەرگە ئوخشاش مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئوبيېكتنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

## 3. خاس بەلگە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: خاس بەلگە — پەقەت شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان، ئەمما شۇ ئوبيېكتنى بىلىشتە بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغان بەلگىلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئادەمنى ئالساق:

ئۇنىڭ مويىسىز، ئىككــى پۇتلاپ ماڭالايدىغان، ئوڭدا يېتىــپ ئۇخلىيالايدىغان مەخلۇق ئىكەنلىــكــى قاتارلىــقلارغا ئوخشاش بەلگىلىرى.

## 4. ماھىيەتلىك بەلگە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ماھىيەتلىك بەلگە دېگىنىمىز، شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزىگىلا خاس، شۇ ئوبيېكتنى ئوبيېكت قىلىپ تۇرغان، شۇ ئوبيېكتنى بەلگىلەشتە بىۋاسىتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان (شۇ ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىنى ئىپچىپ بېرىدىغان) بەلگىلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، «ئادەم» نىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەپەككۇر قىلالايدىغانلىقــى، پۈتۈن مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان تىلغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئىشلەپچىقىــرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغانلىقى ھەمدە گۇزەللىككە ئىنتىلىشى قاتارلىق بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى ماھىيەتلىــك بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ماھىيەتسىز بەلگە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ماھىيەتسىز بەلگە بولسا شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان، ئەمما شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولماستىن، باشقا ئوبيېكتلاردىمۇ مەۋجۇت بولغان، شۇ ئوبيېكتنى بەلگىلەشتە ھەل قىلغۇچ ئەمەس، قوشۇمچە رول ئوينايدىغان بەلگىلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

«ئادەم» نىڭ جىنس ئايرىمىســى، كۆز، قۇلاق، ئېغىــز، بۇرنىنىڭ بولۇشى، نەپەسلىنىش، ئوزۇقلىنىش، قان ئايلىنىــش سىستېمىسىنىڭ بولۇشى؛ نەسىللىنىش، چوڭىيىش، كۆپىيىش، يوقىلىش؛ كۈچلۈك - ئاجىز، چوڭ - كىچىك ... بولۇشى قاتارلىقلار.

## 6. ئۇقۇمنىڭ قانداق رولى بار؟

جاۋاب: 1. ئۇقۇم تەپەككۇرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، تەپەككۇر

شەكىللىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي بىرلىكى. ھۆكۈم چىقىرىش ۋە خۇلاسە ئېلىپ بېرىشنىڭ تۈپ ئاملى. چۈنكى، ئاۋۋال ئۇقۇم ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇقۇملارنى ئورگانىك باغلاپ ھۆكۈم ھاسىل قىلىنىدۇ. ھۆكۈملەردىن پايدىلىنىپ خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. قىسقىسى ئۇقۇم بولمىسا تەپەككۇرمۇ بولمايدۇ.

2. ئۇقۇم تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى. ئۇ ئىنسانلار بىلىشىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم مۇستەھكەملەپ بېرىدۇ.

3. ئىنسانلار ھاسىل قىلغان ئۇقۇملىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل تۈردىكى ئوبيېكتلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

## 7. ئۇقۇم بىلەن سۆزنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئۇقۇم بىلەن سۆز ھەم زىچ باغلىنىشلىق، ھەم روشەن پەرقى بولغان ئىككى ئامىل.

زىچ باغلىنىشلىق دېيىشىمىز: ئۇقۇم سۆزنىڭ يادروسى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، ئىپادىلىنىدۇ ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، سۆزدىن ئايرىلغان ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. ئۇقۇم بىلەن سۆز تەپەككۇرنىڭ شەكىل بىلەن مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزئارا چەمبەرچاس باغلانغان ئىككى تەرەپ. شۇڭا، ئۇلارنى زىچ باغلىنىشلىق دەيمىز. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى ئۇقۇملار بىر سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بەزى ئۇقۇملار سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«مەكتەپ، ئۇيغۇر، تىل، كىتاب، باشلانغۇچ مەكتەپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئومۇمىي لوگىكا كىتاب» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

روشەن پەرقى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب:

1. ئۇقۇم تەپەككۇر شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، شەيئىنى

ئەكس ئەتتۇرىدۇ؛ سۆز تىل شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇقۇم تەپەككۇرنىڭ، يەنى لوگىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. سۆز بولسا تىلشۇناسلىقنىڭ يەنى گرامماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى.

2. ھەرقانداق ئۇقۇم سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، ھەممىلا سۆز ئۇقۇمنى ئىپادىلەۋەرمەيدۇ. يەنى تىلىمىزدىكى مۇستەقىل سۆزلەر ئۇقۇمنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، ياردەمچى سۆزلەر ئۇقۇمنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ.

3. ئۇقۇم پۈتۈن ئىنسانىيەت خاراكتېرىگە ئىگە. سۆز بولسا مەلۇم مىللەت خاراكتېرىگە ئىگە. مەسىلەن، «كىتاب» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئوخشاشمىغان تىل تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، نېمە دەپ ئاتىلىشى، تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر بىرلا مەنىنى، يەنى «مەلۇم دائىرىدىكى بىلىم پىلانلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان تۈپلەنگەن قەغەز تومى» دېگەن چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ.

4. ئەينى بىر ئۇقۇم ئەينى بىر تىلدا ئوخشاش بولمىغان سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۆلدى، ۋاپات بولدى، قۇربان بولدى، قەتل قىلىندى، تۈگەپ كەتتى، بەندىچىلىك قىلدى، نەپەستىن قالدى، بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى، چاچراپ كەتتى، ئۇ ئالەمگە كەتتى……» دېگەنلەرگە ئوخشاش مەنىداش سۆزلەر.

ئەينى بىر سۆز ئەينى بىر تىلدا ئوخشاشمىغان مەنىنى (ئۇقۇمنى) ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «تەلەڭگە» دېگەن سۆز قەشقەردە «لىگەن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، قۇمۇلدا ئائىلىدە تاماققا خېمىر يۇغۇرۇش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان جاۋۇر، كىچىك داس دېگەن مەنىنى ئىپادىلىيەلىگەندەك، «يامان»، «ئاق»، «قارا» دېگەن

سۆزلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

**8. ئۇقۇمنىڭ مىغىزى دېگەن نېمە، ھەجىمى دېگەنچۇ؟**

جاۋاب: ئۇقۇمنىڭ مىغىزى — ئۇقۇمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ خاس ۋە ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى بولسا ئۇقۇمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ پۈتۈن دائىرىسى، يەنى ھەجىمىدىن ئىبارەت.

مەسىلەن، «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنى ئالساق، ئۇنىڭ مىغىزى يۇقىرى دەرىجىدە تەپەككۇر قىلالايدىغان، پۈتۈن مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان تىلغا ئىگە، ئىشلەپچىقىرىش قورالىنى ياسىيالايدىغان ھەم ئىشلىتەلەيدىغان، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان دېگەن ئۇقۇملارنىڭ يىغىندىسى.

ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى بولسا شۇ مىغىزغا ئىگە بولغان بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن، ھازىر دۇنيادا بار بولغان، كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان بارلىق مۇشۇ خىل شەيئىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇقۇمنىڭ تۈرلىرى: ئۇقۇملار ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكت سانىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن خاس ئۇقۇم ۋە تۈردەش ئۇقۇم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**9. خاس ئۇقۇم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: خاس ئۇقۇم دېگىنىمىز، ھەجىمى بىرلا يەككە ئوبيېكتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇملاردۇر. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر شەھىرى، تەڭرىتېغى، مەھمۇد قەشقەرى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**10. تۈردەش ئۇقۇم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: مەلۇم بىر تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئوبيېكتلارنى ئەكس

ئەتتۇرىدىغان ئۇقۇملاردۇر. مەسىلەن، شەھەر، تاغ، ئىنقىلاب، كىتاب، ئوقۇغۇچى، پارتىيە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇقۇملارنى ئوبيېكتنىڭ بىر توپىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۇرگەن ـ ئەتتۇرمىگەنلىكىگە قاراپ توپلام ئۇقۇم ۋە غەيرىي توپلام ئۇقۇم دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 11. توپلام ئۇقۇم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: توپلام ئۇقۇم ئوبيېكتلارنىڭ توپىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۇرگەن ئۇقۇملاردۇر. مەسىلەن، ئورمان، پارتىيە، ئىشچىلار سىنىپى، ۋالىبول كوماندىسى، ئارمىيە، ئىنسانىيەت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 12. غەيرىي توپلام ئۇقۇم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: غەيرىي توپلام ئۇقۇم ئوبيېكتلارنىڭ بىر توپىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۇرمەيدىغان ئۇقۇملاردۇر. مەسىلەن: ئادەم، پارتىيە ئەزاسى، ئىشچى، ئەسكەر، دەرەخ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

توپلام ئۇقۇم بىلەن غەيرىي توپلام ئۇقۇمنىڭ پەرقى: (1) توپلام ئۇقۇم ئوبيېكتنىڭ بىر توپىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۇرىدۇ؛ غەيرىي توپلام ئۇقۇم بولسا ئوبيېكتنىڭ بىر توپىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۇرەلمەيدۇ. (2) غەيرىي توپلام ئۇقۇمنى ئوبيېكتنىڭ ھەربىر يەككىسىگە قارىتىشقا بولىدۇ. ئەمما، توپلام ئۇقۇمنى ئوبيېكتنىڭ ھەربىر يەككىسىگە قارىتىشقا بولمايدۇ.

ئۇقۇملارنى ئوبيېكتنىڭ مەلۇم بەلگىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىگە قاراپ مۇسبەت ئۇقۇم (تەستىقىي ئۇقۇم) ۋە مەنپىي ئۇقۇم (ئىنكار ئۇقۇم) دەپ ئىككى

تۇرگە بولۇشكە بولىدۇ.

**13. مۇسپىي ئۇقۇم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئوبيېكتنىڭ مەلۇم بەلگىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئۇقۇملاردۇر. مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچى، باي، تىرىشچان، ئەدەپلىك، سوتسىيالىستىك دۆلەت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**14. مەنپىي ئۇقۇم دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: مەلۇم ئوبيېكتنىڭ مەلۇم بەلگىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۇرگۈچى ئۇقۇمدۇر. مەسىلەن:

هۇرۇن، ئەدەپسىز، نائىنساپ، ناتوغرا ئىستىل، بەتقىلىق، غەيرىي سوتسىيالىستىك دۆلەت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يۇقىرىدا بىز ئۇقۇملارنى ئوخشاش بولمىغان ئاساسلارغا تايىنىپ ئوخشاش بولمىغان تۇرلەرگە بۆلدۇق. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەينى بىر ئۇقۇم ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەر بويىچە ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە تۇرگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچى» دېگەن ئۇقۇم ھەجىمىگە قاراپ، تۇردەش ئۇقۇم، ئوبيېكتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن - ئەتتۇرمىگەنلىكىگە قاراپ غەيرىي توپلام، ئوبيېكتتىكى مەلۇم بەلگىنى تەستىقلىغان ياكى ئىنكار قىلغانلىقىغا قاراپ تەستىقىي ئۇقۇم دېگەن تۇرلەرگە ئايرىلىدۇ.

ئۇقۇملارنى ئوخشاشمىغان ئۆلچەملەر بويىچە يەنە بىرقانچە تۇرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىز ھازىرچە مۇشۇ ئالتە تۇر ئۇقۇم بىلەنلا تونۇشتۇق.

ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇقۇم ھەجىملىرىنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىش ياكى كەلمەسلىكىگە ئاساسەن

ماس كېلىش مۇناسىۋىتى ۋە ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 15. ماس كېلىش مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ماس كېلىش مۇناسىۋىتى دېگەنلىك، ھەجىملىرى ئاز دېگەندىمۇ مەلۇم دائىرىدە ئۆزئارا ماس كېلىدىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

### 16. ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى دېگىنىمىز، ھەجىم جەھەتتىن ماس كەلمەيدىغان، مېغىز جەھەتتىنمۇ ئۆزئارا چەتكە قېقىشىدىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت.

### 17. ماس كېلىش مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملار قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ماس كېلىش مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملار ھەجىملىرىنىڭ ماس كېلىش خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن تولۇق ماس مۇناسىۋەت، قىسمەن ماس مۇناسىۋەت (چېتىلما مۇناسىۋەت) ۋە بېقىندى مۇناسىۋەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 18. تولۇق ماس مۇناسىۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرى پۈتۈنلەي ماس كەلسە، يەنى دەلمۇدەل كەلسە شۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولۇق ماس مۇناسىۋەت بولىدۇ.

مەسىلەن:

① (a) دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا، (b) دېڭىز

يۇزىدىن 8848 مېتىر ئېگىز چوققا، (c) جۇمىلاڭلا چوققىسى.

② (a) جۇپ سان، (b) ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان سان.

بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.







**19. قىسمەن ماس مۇناسىۋەت دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ھەجىملىرى ئۆزئارا مەلۇم دائىرىدە ماس كېلىدىغان، يەنى ھەجىملىرى بەلگىلىك دائىرىدە ئۆزئارا چېتىلىدىغان ئۇقۇملارغا قارىتىلىدۇ.

مەسىلەن، ① (a) ئايال (b) ئوقۇتقۇچى (c) پارتىيە ئەزاسى (d) ئىلغار خىزمەتچى

② (a) پەيلاسوپ (b) ئۇيغۇر

قىسمەن ماس مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.






مىسال ① دىكى مۇناسىۋەتنى شەكىل A ئارقىلىق؛ مىسال ② دىكى مۇناسىۋەتنى شەكىل B ئارقىلىق چۈشۈنۈۋېلىش مۇمكىن.

### 20. بېقىندىلىق مۇناسىۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىر ئۇقۇمنىڭ قىسمەن ھەجمى يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ تولۇق ھەجمىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا ياكى بىر ئۇقۇمنىڭ تولۇق ھەجمى يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە ئېلىنسا، يەنى ھەجىم جەھەتتە ئىچىگە ئېلىش - ئېلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولغان ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ.

مەسىلەن:

1. 
(1 $(a)$ پەن $(b)$ تەبىئىي پەن
(2 $(a)$ دۆلەت $(b)$ كاپىتالىستىك دۆلەت

2. 
(3 $(a)$ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى $(b)$ قانۇن
(4 $(a)$ ئۇيغۇر تىلى $(b)$ تىل

بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملارنى مۇنداق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.




1. شەكىل (1) (2)




2. شەكىل (3) (4)

بۇ مىسالنىڭ 1) ۋە 2) سىدە «a» ئۇقۇم «b» ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3) ۋە 4) سىدە «a» ئۇقۇم «b» ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە

ئىلىنىدۇ. بەزى لوگىكا كىتابلىرىدا بۇ خىل ئەھۋال ھەقىقىي ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى ۋە ھەقىقىي ئىچىگە ئېلىنىش مۇناسىۋىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى بۇنداق ئالاھىدە ئىككى تۈرگە بۆلۈشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق. بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى ياكى ئىچىگە ئېلىش - ئېلىنىش مۇناسىۋىتى دەپ ئاتاپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قايسى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى، قايسى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىگە ئېلىنىش مۇناسىۋىتى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالساق كۇپايە.

بېقىندى مۇناسىۋەت، يەنى ئىچىگە ئېلىش - ئېلىنىش مۇناسىۋىتىنى جىنس - تۈر مۇناسىۋىتى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جىنس - تۈر مۇناسىۋىتى بار.

### 21. جىنس ئۇقۇم ۋە تۈر ئۇقۇم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جىنس ئۇقۇم دېگىنىمىز، مەلۇم ئۇقۇمنىڭ تولۇق ھەجمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇم، يەنى مەلۇم ئۇقۇمغا نىسبەتەن ھەجمى چوڭراق بولغان ئۇقۇمدىن ئىبارەت.

تۈر ئۇقۇم بولسا، پۈتۈن ھەجمى مەلۇم ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان ئۇقۇم (مەلۇم ئۇقۇمغا نىسبەتەن ھەجمى كىچىكرەك بولغان ئۇقۇم) دىن ئىبارەت. مەسىلەن:




1. سۆز
2. مۇستەقىل سۆز
3. ئىسىم
4. خاس ئىسىم
5. مەخمۇد قەشقەرى

بۇلارنى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىسەك يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى بىر ئۇقۇم مەلۇم ئۇقۇمغا نىسبەتەن جىنس

ئۇقۇم بولسا يەنە بىر ئۇقۇمغا نىسبەتەن تۈر ئۇقۇم بولۇشى مۇمكىن. ئوخشاشلا مەلۇم ئۇقۇمنىڭ تۈر ئۇقۇمى يەنە بىر ئۇقۇمغا نىسبەتەن جىنس ئۇقۇم بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىسالدىكى ئۇقۇم «3» ئۇقۇم «2» گە نىسبەتەن تۈر ئۇقۇم بولسا، ئۇقۇم «4» كە نىسبەتەن جىنس ئۇقۇمدۇر ھەمدە بۇ، ئۇقۇم «2» نىڭ ئەڭ يېقىن تۈر ئۇقۇمى، ئۇقۇم «4» نىڭ ئەڭ يېقىن جىنس ئۇقۇمى بولىدۇ.

## 22. ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملار قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملار ماس كەلمەسلىك خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت ۋە زىت مۇناسىۋەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## 23. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت دېگىنىمىز، ھەجىملىرى ئۆزئارا ماس كەلمەيدىغان، مېغىز جەھەتتىن ئۆزئارا چەتكە قېقىشىدىغان ھەمدە شۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىدىن كىچىك بولغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت.

مەسىلەن، (1) «a» ياز، «b» قىش. (2) «a» سوتسىيالىستىك دۆلەت، «b» كاپىتالىستىك دۆلەت. (3) «a» ئاق، «b» قارا. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋالنى بۇنداق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.




(1)
(2)
(3)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى «a» ۋە «b» ئىككى تۇر ئۇقۇمنىڭ يىغىندىسى «c» دىن ئىبارەت جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىدىن كىچىك.

### 24. زىت مۇناسىۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زىت مۇناسىۋەت دېگىنىمىز، ھەجىم جەھەتتىن ماس كەلمەيدىغان، مېغىز جەھەتتىن بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ھەمدە شۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن جىنس ئۇقۇم ھەجىمىگە تەڭ بولغان ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

1. (a) توغرا ئىستىل. (b) ناتوغرا ئىستىل.

2. (a) ئەلاچى ئوقۇغۇچى. (b) ئەلاچى بولمىغان ئوقۇغۇچى.

زىت مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ئۇقۇمنى تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.




كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنداق ئىككى ئۇقۇمنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى ئەڭ يېقىن جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىگە تەڭ كېلىدۇ.

يەنى $a + b = c$

### 25. ئۇقۇمنى تارايتىش ۋە كېڭەيتىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇقۇمنى تارايتىش دېگىنىمىز، ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىنى كىچىكلىتىش ئۇسۇلىدىن

ئىبارەت، يەنى پىكىردە ھەجىمى چوڭ ئۇقۇمدىن ھەجىمى كىچىك ئۇقۇمغا ئۆتۈش ئۇسۇلىدۇر. يەنە باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: پىكىر جەريانىدا جىنس ئۇقۇمدىن تۈر ئۇقۇمغا ئۆتۈش جەريانىدۇر. مەسىلەن:

1. تىل ← تۈركىي تىلى ← ئۇيغۇر تىلى.

2. سانائەت ← يېنىك سانائەت ← توقۇمىچىلىق سانائىتى ← پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتى...

ئۇقۇمنى كېڭەيتىش بولسا ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئازايتىش ئارقىلىق ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. يەنى پىكىردە ھەجىمى كىچىك ئۇقۇمدىن ھەجىمى چوڭ ئۇقۇمغا ئۆتۈش جەريانى ياكى پىكىر جەريانىدا تۈر ئۇقۇمدىن جىنس ئۇقۇمغا ئۆتۈش جەريانىدۇر. مەسىلەن:

ئەدەبىيات ← ئىجتىمائىي پەن ← پەن

ئۈچ ← تاق سان ← سان

ئۇقۇملارنى كېڭەيتىش ۋە تارايتىشنىڭ ئەلۋەتتە چېكى بولىدۇ. ئۇقۇم تارايتىلىپ ـ تارايتىلىپ خاس ئۇقۇمغا بارغاندا يەنە تارايتقىلى بولمايدۇ. سەۋەب: خاس ئۇقۇم پەقەت بىرلا يەككە ئوبيېكت توغرىسىدىكى ئۇقۇمدۇر.

ئۇقۇم كېڭەيتىلىپ ـ كېڭەيتىلىپ كاتېگورىيە ئۇقۇمىغا بارغاندا يەنە داۋاملىق كېڭەيتكىلى بولمايدۇ. سەۋەب: كاتېگورىيە ئۇقۇمى (پەلسەپىۋى ئۇقۇم) ھەجىمى ئەڭ چەككە يەتكەن ئۇقۇمدۇر.

### 26. ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى بىلەن مېغىزى ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر نىسبەت مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجىمى ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر نىسبەت مۇناسىۋىتى دېگەنلىك، ئۇقۇمنىڭ مېغىزى چوڭايسا

ھەجىمىنىڭ كىچىكلەيدىغانلىقى، ھەجىمى چوڭايسا مىغىزى ئازىيىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

سۆز ← مۇستەقىل سۆز ← ئىسىم ← خاس ئىسىم ← قەشقەر شەھىرى دېگەن ئۇقۇملارنى ئالساق ئۇلارنىڭ ھەجىمى كىچىكلىگەنسېرى مىغىزى قاتلامموقاتلام چوڭىيىدۇ. ئەكسىچە بولسا مىغىزى قاتلامموـ قاتلام كىچىكلەيدۇ.

شەكىلگە قاراڭ:




1. سۆز
2. مۇستەقىل سۆز
3. ئىسىم
4. خاس ئىسىم
5. قەشقەر شەھىرى

**27. ئىنىقلىما دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئىنىقلىما — ئۇقۇمنىڭ مىغىزىنى ئېچىپ بېرىدىغان لوگىكىلىق ئۇسۇل. ئىنىقلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا ئىخچام، قىسقا جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ئۇقۇم ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتنىڭ خاس ۋە ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

1. چىراغ — يورۇتۇش قورالى.
2. تاۋار — ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە مەھسۇلات.

ئىنىقلىما ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇم (مىغىزى ئېچىلىدىغان ئۇقۇم) ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇم (ئىنىقلىمىنىڭ مىغىزىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئۇقۇم) ۋە باغلىغۇچى (ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئېنىقلىغۇچىنىڭ باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسمدىن

تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدا «تاۋار» بىلەن «چىراغ» ئىنتقالانغۇچى ئۇقۇم. «يورۇتۇش قورالـــى» بىـــلەن «ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە مەھسۇلات» — ئىنتقىلىغۇچى ئۇقۇم. «—» (سىزىقچە) باغلىغۇچى ئۇقۇمدۇر.

## 28. ئىنتقىلىما بېرىشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: ئىنتقىلىمىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىــدىغان ئۇسۇللاردىن مۇنداق بىرقانچىسى بار:

1. جىنس ئۇقۇمغا تۈر بەلگە قوشۇش ئۇسۇلى

بۇ خىل ئۇسۇلدا ئالۋال ئىنتقالانغۇچىنىڭ ئەڭ يېقىن جىنس ئۇقۇمى تېپىپ چىقىلىدۇ، ئاندىن ئىنتقالانغۇچى ئۇقۇمنىـــڭ تۈر بەلگىلىرى تېپىپ چىقىلىپ تۈر بەلگە جىنس ئۇقۇمغا قوشۇلىدۇ. فورمۇلىغا قاراڭ.

ئىنتقالانغۇچى ئۇقۇم = تۈر بەلگە + ئەڭ يېقىن جىنس ئۇقۇم.

ئەدەبىيات = تىلنى ۋاستە قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان + بىر خىل سەنئەت.

چىراغ — يورۇتۇش قورالى.

2. مەنبە خاراكتېرلىك ئىنتقىلىما بېرىش ئۇسۇلى

بۇ، ئۇقۇمنىڭ پەيدا بولۇش، شەكىللىـــنىـــش جەريانـــى ئىنتقىلىغۇچى قىلىنىدىغان ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن:

چەمبەر بولسا مەلۇم نۇقتىنى تەڭ ئارىلىق بويىچە ئايلىنىپ چىقىشتىن ھاسىل بولغان ئېتىك ئەگرى سىزىق.

3. رول (فۇنكسىيە) ئىنتقىلىمىسى

بۇ مەلۇم ئوبيېكتنىڭ رولى، ئىقتىدارى ئۆزىگە ئىنتقىلىغۇچى قىلىپ بېرىدىغان ئىنتقىلىما ئۇسۇلىدۇر. مەسىلەن:

پاراخوت — سۇ قاتناش قورالى.

4 . باغلىنىشلىرى ئاساسىدا ئىنىقلىما بېرىش ئۇسۇلى

بۇ ئوبيېكت بىلەن ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم مۇناسىۋەتنى ئېچىپ بېرىدىغان ئېنىقلىمىدۇر. مەسىلەن:

جۈپ سان — ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان سان.

## 29 . سۆز ئېنىقلىمىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەقىقىي ئېنىقلىمىدىن باشقا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدىغان ۋە بىر قىسىم سۆزلەرنى بېكىتىپ بېرىدىغان ئېنىقلىمىلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئېنىقلىما سۆز ئېنىقلىمىسى دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئېنىقلىما ئىزاھلىغۇچى ئېنىقلىما ۋە بېكىتكۈچى ئېنىقلىما دەپ ئايرىلىدۇ.

ئىزاھلىغۇچى ئېنىقلىما دېگىنىمىز، سۆز مەنىسى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئېنىقلىمىدۇر. مەسىلەن:

«شاھنامە» بىر ياسالما ئىسىم بولۇپ «شاھ» پادىشاھ، خان دېگەننى، «نامە» پۈتۈك، كىتاب، تارىخ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «شاھنامە» دېگەن سۆز، پادىشاھلار ھەققىدىكى كىتاب، «پادىشاھ تارىخى» دېگەندىن ئىبارەت.

بېكىتكۈچى ئېنىقلىما بولسا يېڭى سۆز ياكى ئالاھىدە مەنىدە ئىشلىتىدىغان سۆز ۋە چۈشەنچىلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئېنىقلىما ئۇسۇلىدۇر. مەسىلەن:

«تىزگىنەك» ھەر خىل زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنى يىراقتىن كونترول قىلغۇچى ئەسۋابنىڭ نامى.

«؟» سوراق بەلگىسىدۇر.

## 30 . ئېنىقلىمىنىڭ قانداق قائىدىلىرى بار؟

جاۋاب: ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بېرىشتە تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە ئەمەل

قىلىنىشى كېرەك.

1. ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇم بىلەن ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى ئۆزئارا پۈتۈنلەي ماس كېلىشى كېرەك.

ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئېنىقلىمىدا يا ئېنىقلىما كەڭ بولۇپ كېتىش ياكى ئېنىقلىما تار بولۇپ قېلىش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

1) ئومۇمىي لوگىكا — تەپەككۇرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

2) ئومۇمىي لوگىكا — تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. 1 ـ مىسالدا ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىدىن كەڭ بولۇپ كېتىپ «ئېنىقلىما كەڭ بولۇپ كېتىش خاتالىقى» كۆرۈلگەن. 2 ـ مىسالدا بولسا ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىدىن كىچىك بولۇپ قېلىپ «ئېنىقلىما تار بولۇپ قېلىش خاتالىقى» يۈز بەرگەن.

2. ئېنىقلىما بىر ئۇقۇمنىڭ ئايلىنىشى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. يەنى ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇمنى ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇم بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئېنىقلىمىدا «بىر ئۇقۇم تەكرارلىنىش» خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

1) ھايات — ھايات جىسىملارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىسىدۇر.

2) شەكىلۋازلىق — مەسىلىلەرنى شەكىلۋازلىق بىلەن كۆزىتىدىغان ۋە بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەھۋالدۇر.

بۇ ئىككى ئېنىقلىمىنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇم ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇمنى بىۋاستە ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ياخشى ئېچىلمىغان.

3. ئېنىقلىما ئىنكار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. يەنى تەستىقىي جۈملە ۋە مۇسبىي ئۇقۇملار ئىشلىتىلىشى لازىم.

ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بېرىشتىكى مەقسەت ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئېچىپ بېرىش، ئەگەر بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىنمىسا، مۇشۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

1) لوگىكا — گراماتىكا ئەمەس.

2) ئۇرۇش — مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس.

4. ئېنىقلىما ئېنىق، توغرا بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، ئېنىقلىنغۇچى ئۇقۇم مۇجمەل ئۇقۇم ۋە مۇجمەل سۆز ئىبارىلەردىن بولۇپ قالماسلىقى، ئوخشــــتىــــش، جانلاندۇرۇش قاتارلىــــق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلماسلىقى كېرەك دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن:

1) ئوقۇتقۇچى — ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى.

2) دىن — كىشىلەرنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن.

3) ئىنقىلاب — تارىخنىڭ پاراۋوزى.

4) لېنىنىزم — تەپەككۇر بىلەن تەجرىبىدىن يېتىلگەن بۇراش سەزگۈسى، بۇ خىل ئىجتىمائىي ساھەدىكى بۇراش سەزگۈسى خۇددى جىسمانىي ئەمگەكتىكى بۇلجۇڭ گۆشىنىڭ سېزىمىگە ئوخشايدۇ.

بۇ تۆت مىسالنىڭ ئالدىنقى ئۈچىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قوللىنىلغان، كېيىنكى بىرسىدە مۇجمەل ئۇقۇملار ئىشلىتىلگەن. بۇلاردىمۇ ئوخشاشلا ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ئېچىلمىغان.

## 31. ئېنىقلىمىنىڭ قانداق رولى بار؟

جاۋاب: ئېنىقلىمىنىڭ تۆۋەندىكىدەك كونكرېت رولى بار.

1. ئېنىقلىما كىشىلەرنىڭ بىلىش نەتىجىلىرىنى يىغىنچاقلايدۇ، يەكۈنلەيدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ.

2. ئېنىقلىما كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. يەنى مەلۇم بىر ئۇقۇمنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە

ياردەم بېرىدۇ.

3. ئېنىقلىما ئۇقۇمنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقى، ئېنىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملىك رول ئوينايدۇ.

**32. بۆلۈش دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: بۆلۈش دېگىنىمىز، ئوبيېكتنىڭ مۇئەييەن بەلگىسىنى ئۆلچەم قىلىپ بىر جىنس ئۇقۇمنى بىرنەچچە تۈر ئۇقۇمغا ئايرىش ئارقىلىق ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىنى ئېنىقلاپ بېرىدىغان لوگىكىلىق ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن:

«جەمئىيەت» دېگەن ئۇقۇمنى ئالساق، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن «باشلانغۇچ جەمئىيەت»، «قۇللۇق جەمئىيەت»، «فېئوداللىق جەمئىيەت»، «كاپىتالىستىك جەمئىيەت» ۋە «كوممۇنىزم جەمئىيىتى» دەپ بۆلسەك، ئۇنىڭ ھەجىمىنى ئېنىقلىغان بولىمىز. يەنە «جۈملە» دېگەن ئۇقۇمنى قۇرۇلمىسىغا قاراپ ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككىگە، ئىنتوناتسىيىسىگە قاراپ بايان جۈملە، سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنداق بۆلۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەجىمىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ.

بۆلۈش قۇرۇلما جەھەتتىن بۆلۈنگۈچى (ئۇقۇم)، بۆلۈنمە ۋە بۆلۈشنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىكى بۆلۈنگۈچى ئۇقۇم بۆلۈشتە ھەجىمى ئېچىلىدىغان ئۇقۇم.

بۆلۈنمە بولسا بۆلۈنگۈچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تۈر ئۇقۇملاردىن ئىبارەت. بۆلۈشنىڭ ئاساسى بولسا بۆلۈنگۈچىنى بۆلۈشتە ئۆلچەم قىلىنىدىغان بۆلۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

«ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنى جىنس ئايرىمىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ «ئەر»، «ئايال» دەپ بۆلگەندە «ئادەم» بۆلۈنگۈچى؛ «جىنس ئايرىمىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى» بۆلۈشنىڭ ئاساسى؛ «ئەر»، «ئايال» بۆلۈنمە ھېسابلىنىدۇ.

ئەينى بىر ئۇقۇمنى ئوخشاشمىغان ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۆلۈش ئاساسىنىڭ نېمە بولۇشىنى بۆلۈشتىكى ئەمەلىي ئېھتىياج بەلگىلەيدۇ.

## 33. بۆلۈشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: كۆپ قوللىنىلىدىغان بۆلۈش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلار بىر قېتىم بۆلۈش ۋە ئۇدا بۆلۈشتىن ئىبارەت.

بىر قېتىم بۆلۈش دېگەنلىك، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن مەلۇم بىر ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ بۆلۈنگۈچى ئۇقۇمنى بىر قېتىمدىلا بۆلۈپ تاماملاشتۇر. مەسىلەن، «ئەدەبىيات» دېگەن ئۇقۇمنى ژانىر ئايرىمىسىغا قاراپ «شېئىر»، «ئېپىك ئەسەر»، «نەسر»، «تىياتىر» دەپ تۆتكە بۆلگەنگە ئوخشاش.

ئۇدا بۆلۈش دېگىنىمىز، بۆلۈنگۈچى ئۇقۇمنى بۆلگەندە كېلىپ چىققان بۆلۈنمىلەرنى بۆلۈنگۈچى قىلىپ داۋاملىق بۆلۈش تاكى ئېھتىياج قانغۇچە، ھەتتا بۆلۈنمەيدىغان چەككە يەتكۈچە داۋانلىق بۆلۈش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

«سۆز» دېگەن ئۇقۇمنى «مۇستەقىل سۆز»، «ياردەمچى سۆز» دەپ ئىككىگە بۆلگەندىن كېيىن بۇ بۆلۈنمىلەرنى بۆلۈنگۈچى قىلىپ يەنە بۆلۈش، يەنى

مۇستەقىل سۆز
- ئىسىم
  - تۈردەش ئىسىم
  - خاس ئىسىم
- پېئىل
- سۈپەت
- ئالماش
- سان
- مىقدار

مانا بۇلاردەك بۆلۈنۈش ئۇدا بۆلۈش بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل بۆلۈشتىن باشقا يەنە، بىر خىل ئالاھىدە بۆلۈش ئۇسۇلى بار بولۇپ، ئۇ ئىككى بۆلۈنمىلىك بۆلۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككى بۆلۈنمىلىك بۆلۈش دېگىنىمىز، ئوبيېكتتا مەلۇم

بەلگىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئاساس قىلىپ بىر جىنس ئۇقۇمنى ئۆز ئارا زىت بولغان ئىككى ئۇقۇمغا بۆلۈشتىن ئىبارەت ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن:

ئۇرۇشنى ئۇرۇش خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن «ھەققانىي ئۇرۇش» ۋە «ھەققانىيەتسىز ئۇرۇش» دەپ ئىككىگە بۆلۈش؛ جىسىملارنى توك ئۆتكۈزۈش - ئۆتكۈزمەسلىكىگە قاراپ «توك» ئۆتكۈزگۈچى جىسىم ۋە «توك» ئۆتكۈزمەس جىسىم دەپ ئىككىگە بۆلۈش؛ «جەمئىيەت» دېگەن ئۇقۇمنى سىنىپنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە قاراپ «سىنىپىي جەمئىيەت» ۋە «سىنىپسىز جەمئىيەت» دەپ ئىككىگە بۆلۈش قاتارلىقلار.

ئىككىگە بۆلۈشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا جىنس ئۇقۇم بىر تەستىقىي ئۇقۇم ۋە بىر ئىنكار ئۇقۇمدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە (ئىككى زىت ئۇقۇمغا) بۆلۈنىدۇ.

## 34. تۈرگە ئايرىش دېگەن نېمە، بۆلۈش بىلەن تۈرگە ئايرىشنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: تۈرگە ئايرىش دېگىنىمىز، ئوبيېكتلارنى ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ياكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىرقانچە تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىپ، ھەربىر تۈرنى باشقا تۈرلەرگە نىسبەتەن مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۆلۈش بىلەن تۈرگە ئاجرىتىش بولسا بىر پۈتۈن ئوبيېكتنى نۇرغۇن تەركىبىي قىسىمغا پارچىلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۆلۈشتە بولسا جىنس - تۈر مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىكى تۈر ئۇقۇمدا جىنس ئۇقۇمنىڭ بارلىق بەلگىسى بار بولىدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتى، ماتېماتىكا فاكۇلتېتى، فىزىكا فاكۇلتېتى، تارىخ فاكۇلتېتى ......

قاتارلىق 10 فاكۇلتېتقا بۆلۈنىدۇ دېيىش تۈرگە ئاجرىتىش بولىدۇ. بۆلۈش بولسا بۇ خىل ئاجرىتىش بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر ئۆلچەمگە تايىنىپ بىر جىنس ئۇقۇمنى بىرقانچە تۈر ئۇقۇمغا بۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ» نى خاراكتېرى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى»، «شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى»، «شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى»، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى» ...... دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈش ئۇقۇمنى بۆلۈش بولىدۇ.

قىسقىسى، بۆلۈش بولسا تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى. تۈرگە ئايرىش بۆلۈشنىڭ ئالاھىدە شەكلى. بۆلۈش بىلەن تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسلىرى تەلەپ جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، بۆلۈش بىلەن تۈرگە ئايرىشنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## 35. بۆلۈشتە قايسى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بۆلۈشتە تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك:

1. بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنمىلەر ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى بۆلۈنگۈچى ئۇقۇم ھەجىمىگە تەڭ بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۆلۈنمىلەر ھەجىمىنىڭ يىغىندىسى بۆلۈنگۈچى ھەجىمدىن چوڭ ياكى كىچىك بولۇپ قالسا «بۆلۈش كەڭ بولۇپ كېتىش» ياكى «بۆلۈش چالا بولۇپ قېلىش» خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

1) ئومۇمىي لوگىكا — تەپەككۇر شەكىللىرى، تەپەككۇر مەزمۇنى ۋە رېئاللىقنى بىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

2) ئومۇمىي لوگىكا — ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ۋە رېئاللىقنى بىلىشنىڭ قىسمەن ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

يۇقىرىقى ئىككى مىسالنىڭ بىرىنچىسىدە بۆلۈش كەڭ بولۇپ كېتىش خاتالىقى كۆرۈلگەن. چۈنكى، ئومۇمىي لوگىكا تەپەككۇر مەزمۇنىنى تەتقىق قىلمايدۇ. تەپەككۇر مەزمۇنى ئومۇمىي لوگىكىنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئەمەس. ئۇ پەقەت تەپەككۇر شەكىللىرى، قانۇنىيەتلىرى ۋە رېئاللىقنى بىلىشنىڭ قىسمەن ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا بۆلۈش تار بولۇپ قالغان. چۈنكى، «تەپەككۇر شەكىللىرى» ئومۇمىي لوگىكىنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ بىرسى. بىراق، ئۇ چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

2. ھەرقېتىملىق بۆلۈش ئەينى بىر ئاساس بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا ئاساس بىردەك بولماسلىق، ئاساس ئارىلىشىپ كېتىشتەك لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

«ھازىردىن باشلاپ ھەرقايسى ماددىلار بويىچە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. خەنزۇ ۋەكىللەر 1 ـ زالغا، مىللىي ۋەكىللەر 2 ـ زالغا، پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى 3 ـ زالغا، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار ۋەكىللىرى 4 ـ زالغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ بارايلى» دېيىلىدىغان بولسا، ۋەكىللەر ئېلىشىپلا كېتىدۇ، چۈنكى بۆلۈش ئەينى بىر ئۆلچەم بويىچە بولماي ھەم سىياسىي قىياپەت ھەم مىللەت ئايرىمىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلچەم قىلغان. بۇ خىل بۆلۈش ئەلۋەتتە قائىدىگە خىلاپ.

3. بۆلۈنمىلەر بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشى كېرەك.

بۇ دېگەنلىك، ھەرقايسى بۆلۈنمىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق

شەكىلدىكى سىغىشىپ قېلىش بولماسلىقى، سىغىشالماسلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا «بۆلۈنمىلەر سىغىشىپ قېلىش خاتالىقى» كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «بۈگۈنكى بۇ يىغىنغا ھەرقايسى سەپلەردە كۈرەش قىلىۋاتقان مىللىي كادىرلار ۋەكىللىرى، خەنزۇ كادىرلار ۋەكىللىرى، رەھبەرىي كادىرلار ۋەكىللىرى، ئاپال كادىرلار ۋەكىللىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بولۇپ 1500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى».

ۋەكىللەرنى بۇنداق بۆلۈش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭدا «بۆلۈنمىلەر ئۆزئارا چەتكە قېقىشى كېرەك» دېگەن قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنىپ، بۆلۈنمىلەر ئۆزئارا سىغىشىپ قالغان. ئۇنىڭ قىسمەن ھەجمى بۇنىڭغا، بۇنىڭ قىسمەن ھەجمى ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، بۆلۈنمىلەر ئۆزئارا سىغىشىپ قالغان.

### 36. بۆلۈشنىڭ رولى نېمە؟

جاۋاب: بۆلۈشنىڭ ئاساسلىق ئىككى خىل رولى بار.

1. ئۇقۇملارنى بۆلۈش ئارقىلىق شۇ ئۇقۇمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكت توغرىسىدىكى بىلىشنى كېڭەيتكىلى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

2. ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنى ئېنىقلاپ، شۇ ئۇقۇمنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى ئىگىلەپ، ئۇقۇمدىن توغرا پايدىلانغىلى بولىدۇ.

# Ⅲ باب  هۆكۇم

**1. هۆكۇم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

جاۋاب: هۆكۇم دېگىنىمىز، ئوبيېكتقا نىسبەتەن بىرەر نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تەپەككۇر شەكلى، يەنى مەلۇم شەيئى ياكى هادىسىگە نىسبەتەن مەلۇم بەلگە ياكى مۇناسىۋەتنى تەستىقلايدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر. مەسىلەن:

1. ھەققانىي ئىش جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ.
2. بىلىم، قابىلىيەت تەبىئىي بولىدىغان نەرسە ئەمەس.
3. ئوقۇغۇچىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆگىنىش.
4. قاسىم بىلەن ياسىن بىر تۇغقان قېرىنداش.
5. شامال چىقسا دەرەخ لىڭشىيدۇ.

ھەرقانداق هۆكۇم مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. ھەرقانداق هۆكۇم ئوبيېكتقا نىسبەتەن ياكى مەلۇم بەلگە ياكى مۇناسىۋەتنى تەستىقلايدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ.

2. ھەرقانداق هۆكۇم ياكى ھەقىقىي هۆكۇم بولىدۇ ياكى ساختا هۆكۇم بولىدۇ. يەنى هۆكۇمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بەلگە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلسە بۇ هۆكۇم ھەقىقىي بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا ساختا هۆكۇم بولىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆگىنىش» دېسەك، بۇ بىر ھەقىقىي هۆكۇم. «ھەرقانداق ئوقۇغۇچى ئاڭلىق ھالدا تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ» دېسەك، بۇ بىر ساختا هۆكۇم، چۈنكى ئاڭلىق تىرىشىپ ئۆگەنمەيدىغان

ئوقۇغۇچىمۇ بار-دە!

**2. ھۆكۈم بىلەن جۈملىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

جاۋاب: ھۆكۈم بىلەن جۈملە ھەم زىچ باغلىنىشلىق، ھەم روشەن پەرقلىق ئىككى نەرسە.

ھۆكۈم بىلەن جۈملىنى زىچ باغلىنىشلىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: ھەرقانداق بىر ھۆكۈمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىپادىلىنىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھامان جۈملىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۈملە — ھۆكۈمنىڭ بىۋاسىتە رېئاللىقى. ھۆكۈم بولسا جۈملىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى. جۈملە بولسا ھۆكۈمنىڭ ئىپادە شەكلى. جۈملىدىن ئايرىلغان ھۆكۈم مەۋجۇت بولمايدۇ. جۈملە ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ھۆكۈم بىلەن جۈملىنى زىچ باغلىنىشلىق دەيمىز.

ھۆكۈم بىلەن جۈملىنى روشەن پەرقلىق ئىككى ئامىل دېيىشىمىزدىكى سەۋەبنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋالالايمىز:

1. ھەرقانداق ھۆكۈم جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، جۈملىنىڭ ھەممىسىلا ھۆكۈمنى ئىپادىلەۋەرمەيدۇ. تىلىمىزدىكى بايان جۈملە ۋە سوراق جۈملە تەركىبىدىكى رىتورىك (قايتۇرما سوراق) جۈملە ھۆكۈمنى بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. باشقا جۈملىلەر يەنى ئادەتتىكى سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، ئۈندەش جۈملىلەر ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

2. تەۋەلىك جەھەتتىن ئالغاندا، ھۆكۈم تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ بىرى، جۈملە بولسا تىل شەكىللىرىنىڭ بىرى.

3. ھۆكۈم — پۈتۈن ئىنسانىيەت خاراكتېرىگە ئىگە. جۈملە بولسا مەلۇم مىللەت خاراكتېرىگە ئىگە.

4. ئەينى بىر ھۆكۈم ئوخشاش بولمىغان جۈملە شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «شەيئى تەرەققىي قىلىدۇ»، «شەيئى

تەرەققىي قىلماي قالمايدۇ» ، «تەرەققىي قىلمايدىغان شەيئى مەۋجۇت ئەمەس» ، «تەرەققىي قىلمايدىغان شەيئى نەدە بولسۇن» ، — بۇ تۆت خىل شەكىلدىكى ھۆكۈم ئوخشاش بىر ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا بەزى جۈملىلەر بىرقانچە ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

**3. ھۆكۈم مەزمۇنى ۋە ھۆكۈم شەكىللىرى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ھەرقانداق ھۆكۈم مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ھۆكۈم مەزمۇنى دېگىنىمىز، ھۆكۈم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكت ئەھۋالدىن ئىبارەت. ھۆكۈم شەكلى دېگىنىمىز، ھۆكۈم مەزمۇنلىرىنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلما شەكىللىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

1. ۋەتەننى سۆيۈش ھەر بىر پۇقرانىڭ بۇرچى.
2. ھەممە مېتال توك ئۆتكۈزىدۇ.

مانا بۇلار ھەر خىل مەزمۇندىكى بىر قۇرۇلمىلىق ھۆكۈم. بۇلارنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى: ھەممە S — P دۇر.

ھۆكۈم شەكىللىرى خىلمۇخىل بولغاچقا، ھۆكۈمنى ئوخشاشمىغان ئاساسلار بويىچە ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**4. ھۆكۈم قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟**

جاۋاب: ھۆكۈم قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىي - مۇرەككەپلىكىگە ئاساسەن ئاددىي ھۆكۈم ۋە قوشما ھۆكۈم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاددىي ھۆكۈم ئوبيېكت مۇناسىۋىتى ياكى خاراكتېرىنىڭ مۇئەييەنلىشىشىگە قاراپ مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم ۋە خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئاددي ھۆكۈم دېگىنىمىز، تەركىبىدىن باشقا ھۆكۈم ئاجرىتىشقا بولمايدىغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. ھەقىقەت ئىنجازەتسىز ساياھەت قىلىدۇ.

2. ھاياتلىق ئۇزۇقلۇققا موھتاج.

3. بىلىم قابىلىيەت ئەزەلىي نەرسە ئەمەس.

## 5. خاراكتېرلىكگۇچى ھۆكۈم دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: خاراكتېرلىكگۇچى ھۆكۈم ئوبيېكتقا نىسبەتەن مەلۇم خاراكتېرنى مۇئەييەنلەشتۇرگۇچى ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن، ئاددي ھۆكۈم ئۈچۈن ئېلىنغان ئۈچ مىسالغا قاراڭ.

خاراكتېرلىكگۇچى ھۆكۈملەر تۈزۈلۈش جەھەتتە ھۆكۈملەنگۇچى، ھۆكۈملىگۇچى، باغلىغۇچى ۋە مىقداردىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

«ھۆكۈملەنگۇچى» ھۆكۈم ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ.

«ھۆكۈملىگۇچى» ھۆكۈملەنگۇچى ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ.

«مىقدار» ھۆكۈملەنگۇچىنىڭ سان - مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ھەممە مېتال توك ئۆتكۈزىدۇ، يەنى:

ھەممە S — P دۇر.

(مىقدار)، (ھۆكۈملەنگۇچى)، (ھۆكۈملىگۇچى)، (باغلىغۇچى).

## 6. خاراكتېرلىكگۇچى ھۆكۈملەر قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: خاراكتېرلىكگۇچى ھۆكۈملەر سۈپەت مىقدارىنىڭ

ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم، ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم، جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈم، جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈم، خاس تەستىقىي ھۆكۈم ۋە خاس ئىنكار ھۆكۈمدىن ئىبارەت ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يەنى سۈپىتىگە قاراپ تەستىقىي ھۆكۈم، ئىنكار ھۆكۈم دەپ ئىككىگە، بۇ ئىككى تۈرنىڭ ھەر ئىككىسى مىقدارىغا قاراپ ئۈچتىن ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى «S» بىلەن، ھۆكۈملىگۈچىسى «P» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق شەكلى (S — P). ئالتە خىل خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مەزمۇنى، ھەرپلىك ئىپادىسى، فورمۇلىلىرى تۆۋەندە ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ.

## 7. ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوبيېكتنىڭ پۈتۈن ھەجىمىگە نىسبەتەن مەلۇم خاراكتېرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈم، يەنى مىقدارى ئومۇمىي، سۈپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

1. تۇرمۇشتىكى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمگەك ياراتقان.

2. ئەخلاق ئادەم زىننىتى.

ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈمنىڭ ھەرپلىك ئىپادىسى «A»، تولۇق يېزىلىشى «SAP»، فورمۇلىسى: ھەممە S — P دۇر.

## 8. ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەلۇم ئوبيېكتنىڭ پۈتۈن دائىرىسىگە نىسبەتەن خاراكتېرى ئىنكار قىلىنغان ئاددىي ھۆكۈم، يەنى مىقدارى ئومۇمىي، سۈپىتى ئىنكار بولغان ھۆكۈم ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرپلىك ئىپادىسى «E»، «SEP». فورمۇلىسى: بىرمۇ S — P ئەمەس.

1. ئاۋاز مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە ئەمەس.
2. توغرا ئىدىيە ئاسماندىن چۈشمەيدۇ.

## 9. جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەلۇم تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا نىسبەتەن مەلۇم خاراكتېرنى تەستىقلايدىغان ھۆكۈم، يەنى مىقدارى جۇزئىي، سۈپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ھۆكۈمنىڭ ھەرپلىك ئىپادىسى «I» ، «SIP» . فورمۇلىسى: بەزى S — P دۇر. مەسىلەن:

بەزى كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتى يۇقىرى بولىدۇ.

## 10. جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەلۇم تۈردىكى بىر قىسىم ئوبيېكتقا نىسبەتەن مەلۇم خاراكتېرى ئىنكار قىلىنغان ھۆكۈم. يەنى مىقدارى جۇزئىي، سۈپىتى ئىنكار بولغان ھۆكۈم جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بەزى كىشىلەر ساۋاتسىز.

بۇنىڭ ھەرپلىك ئىپادىسى «O» تولۇق يېزىلىشى «SOP» . فورمۇلىسى بەزى S — P ئەمەس.

## 11. خاس تەستىقىي ھۆكۈم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەلۇم بىر يەككە ئوبيېكتقا نىسبەتەن مەلۇم خاراكتېر تەستىقلانغان ھۆكۈم، يەنى مىقدارى يەككە، سۈپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم خاس تەستىقىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تارىم دەرياسى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا.

خاس تەستىقىي ھۆكۈم بەزى جەھەتلەردە ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم دائىرىسىدە كۆزىتىلىدۇ، تەتقىق قىلىنىدۇ.

فورمۇلىسى: بۇ S — P دۇر.
خاس ئىنكار ھۆكۈم بىلەن ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

## 12. خاس ئىنكار ھۆكۈم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەلۇم بىر ئوبيېكتقا نىسبەتەن مەلۇم خاراكتېرى ئىنكار قىلىنىدىغان ھۆكۈم يەنى مىقدار يەككە، سۇپىتى ئىنكار بولغان ھۆكۈم خاس ئىنكار ھۆكۈم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:
مەھمۇد قەشقەرى — ماتېماتىكا ئالىمى ئەمەس.
بۇنىڭ فورمۇلىسى: بۇ S — P ئەمەس.
يۇقىرىقى ئالتە خىل خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى تەپسىلاتنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق ئېنىقراق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

| ھۆكۈم نامى | ھۆكۈم ئېنىقلىمىسى | ھەرپ بەلگىسى | مىسالى<br>فورمۇلىسى |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي تەستىقىي ھۆمۈم | مىقدارى ئومۇمىي سۇپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم | SAP ياكى A | ھەرقانداق جۈپ سان ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ<br>ھەممە S — P دۇر |
| ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم | مىقدارى ئومۇمىي سۇپىتى ئىنكار بولغان ھۆكۈم | SEP ياكى E | زەھەرلىك نەرسىنى يېيىشكە بولمايدۇ.<br>بىرمۇ ئادەم ئاسماندىن چۈشمەيدۇ<br>بىرمۇ S — P ئەمەس |
| جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈم | مىقدارى جۇزئىي، سۇپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم | SIP ياكى I | بەزى ئاياللار دوختۇر.<br>بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار شائىر<br>بەزى S — P دۇر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈم | مىقدارى جۇزئىي، سۈپىتى ئىنكار بولغان ھۆكۈم | SOP ياكى O | بەزى ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ. بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار قەشقەرلىك ئەمەس. بەزى S — P ئەمەس |
| خاس تەستىقىي ھۆكۈم | مىقدارى يەككە، سۈپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم | — | مەخمۇد قەشقەرى تىلشۇناس ئالىم. بۇ S — P دۇر |
| خاس ئىنكار ھۆكۈم | مىقدارى يەككە، سۈپىتى ئىنكار بولغان ھۆكۈم | — | قاسىم ئوقۇتقۇچى ئەمەس. ئاپپاق خوجا ساپ ئۇيغۇر ئەمەس. بۇ S — P ئەمەس |

**13. A، E، I، O دىن ئىبارەت تۆت خىل ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ پۈتۈن ھەجىملىك ۋە قىسمەن ھەجىملىك بولۇش ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى «S» بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى «P» نىڭ قىسمەن ھەجىملىك ياكى پۈتۈن ھەجىملىك بولۇش مەسىلىسى «S» بىلەن «P» نىڭ ھەجىملىرىنىڭ پارچىلانغان ياكى پۈتۈن ھالەتتە تۇرغانلىقىغا قارىتىلىدۇ. بۇ تۆت ھۆكۈمنىڭ قانداق ھەجىملىك بولۇش مەسىلىسىنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق ئېنىقراق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

| ھۆكۈم تۈرى | ھۆكۈملەنگۈچى (S) | ھۆكۈملىگۈچى(P) | شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم(A) | پۈتۈن ھەجىملىك (+) | قىسمەن ھەجىملىك (−) |  |
| ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم(E) | پۈتۈن ھەجىملىك (+) | پۈتۈن ھەجىملىك (+) |  |
| جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈم(I) | قىسمەن ھەجىملىك | قىسمەن ھەجىملىك |  |
| جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈم(O) | قىسمەن ھەجىملىك (−) | پۈتۈن ھەجىملىك (+) |  |

**14. A، E، I، O دىن ئىبارەت تۆت خىل ھۆكۈم ئۆتتۇرىسىدىكى چىن - ساختىلىق مۇناسىۋەت قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: تۆت خىل ھۆكۈم ئۆتتۇرىسىدىكى ساختىلىق مۇناسىۋىتى، ھۆكۈملەنگۈچىسى ۋە ھۆكۈملىگۈچىلىرى ئوخشاش بولغان ھۆكۈملەر ئۆتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ لوگىكىدا ماسلىق مۇناسىۋەت ياكى چاسا سەپ مۇناسىۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

A: ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئەسلىدىن بار بولىدۇ.

E: ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئەسلىدىن بار بولمايدۇ.

I: ئادەمنىڭ بىر قىسىم توغرا ئىدىيىسى ئەسلىدىن بار بولغان بولىدۇ.

O: ئادەمنىڭ بىر قىسىم توغرا ئىدىيىسى ئەسلىدىن بار بولمايدۇ.

بۇ تۆت خىل ھۆكۈم ئۆتتۇرىسىدىكى چىن - ساختىلىق مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.




قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى A بىلەن E بىردەك ساختا بولىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ بىرسى ھەقىقىي بولسا يەنە بىرسى جەزمەن ساختا بولىدۇ. ئەمما، بىرسىنىڭ ساختا بولغانلىقىغا قاراپ يەنە بىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا مۇقەررەر ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

تۆۋەن قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى I بىلەن O ھۆكۈم بىردەك ھەقىقىي بولىدۇ، ئەمما بىردەك ساختا بولمايدۇ.

بىقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئومۇمىي ھۆكۈملەر ھەقىقىي بولغاندا بىقىندا مۇناسىۋەتتىكى جۇزئىي ھۆكۈملەرمۇ ھەقىقىي بولىدۇ. ئومۇمىي ھۆكۈملەر ساختا بولغاندا بىقىندى مۇناسىۋەتتىكى جۇزئىي ھۆكۈملەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا مۇقەررەر ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا جۇزئىي ھۆكۈمنىڭ ساختا بولغانلىقىغا قاراپ بىقىندى مۇناسىۋەتتىكى ئومۇمىي ھۆكۈملەرنىڭ قانداقلىقىغا مۇقەررەر ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

زىت مۇناسىۋەتتىكى A بىلەن O، E بىلەن I ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇلار بىردەك ھەقىقىيمۇ، بىردەك ساختىمۇ بولمايدۇ. ئۇلاردىن بىرى ھەقىقىي ياكى ساختا بولغاندا يەنە بىرى جەزمەن ساختا ياكى ھەقىقىي بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋالنى تۆۋەندىكى مىساللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چىن - ساختىلىق مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىدەك سخېما ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

A. سىنىپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولدى.

E. سىنىپتىكى بىرمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولمىدى.

I. سىنىپتىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولدى.

O. سىنىپتىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولمىدى.

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| A | + | E | − | I | + | O | − |
| A | − | E | $x$ | I | $x$ | O | + |
| E | + | A | − | O | + | I | − |
| E | − | A | $x$ | O | $x$ | I | + |
| I | + | A | $x$ | O | $x$ | E | − |
| I | − | A | − | O | + | E | + |
| O | + | A | − | I | $x$ | E | $x$ |
| O | − | A | + | I | + | E | − |

«+» ھەقىقىي، «-» ساختا، «$x$» ناتايىننى ئىپادىلەيدۇ.

A، E، I، O دىن ئىبارەت تۆت خىل ھۆكۈمنىڭ مەلۇم بىرسىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى بىلسەك، لوگىكىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن قالغان ئۈچ خىل ھۆكۈمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز.

## 15. مۇناسىۋەتلىكگۈچى ھۆكۈم دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: مۇناسىۋەتلىكگۈچى ھۆكۈم ئوبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم مۇناسىۋەتنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى ئاددىي ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. دەرستە تۇرسۇن قاسىمدىن ياخشى.
2. ھەنىپە شەرىپىدىن ئىككى ياش چوڭ.

مۇناسىۋەتلىكگۈچى ھۆكۈم تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇناسىۋەتلەشكۈچى، مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى ۋە مىقداردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. مۇناسىۋەتلەشكۈچى دېگىنىمىز، مۇناسىۋەت ھاسىل قىلغۇچى ئوبيېكتلارنى كۆرسىتىدۇ. مىسالدىكى «ھەنىپە» بىلەن «شەرىپە» مۇناسىۋەتلىكگۈچى ئۇقۇمدۇر.

مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى دېگىنىمىز، مۇناسىۋەتلەشكۈچى ئوبيېكتلارنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، 2 ـ مىسالدىكى «ئىككى ياش چوڭ» دېگەن ئۇقۇم مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچىدۇر.

مىقدار دېگىنىمىز، مۇناسىۋەتلەشكۈچى ئوبيېكتنىڭ سان ـ مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «بارلىق ماتېرىيالىستلار بارلىق ئىدېئالىستلار بىلەن قارىمۇقارشى» دېگەن بۇ مىسالدىكى «بارلىق» دېگەن ئۇقۇم مىقدار بولىدۇ.

مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈمدە مۇناسىۋەتلەشكۈچى ئۇقۇم a ۋە b لار بىلەن، مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى ئۇقۇم R بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: «aRb».

**16. مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈملەر مۇناسىۋەت خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ مۇتاناسىپلىق مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم، ئۇلىغۇچى مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم، ئۈزلۈك مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە، بۇ تۈرلەرنىڭ ھەربىرسى يەنە ئوڭ، تەتۈر، غەيرىي مۇناسىۋەت دەپ ئۈچتىن تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مۇتاناسىپلىق مۇناسىۋەت دېگىنىمىز، ئىككى ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. قاسىم بىلەن ھاشىم ساۋاقداش.
2. قاھار تۇرسۇن مۇئەللىمنى تونۇيدىكەن.
3. قادىر سادىردىن ئىككى ياش چوڭ.

بۇ ئۈچ مىسالدىكى ئۈچ ھۆكۈمنىڭ ھەممىسى «a» بىلەن «b» دىن ئىبارەت ئىككى ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. فورمۇلىسى: (aRb)

ئۇلىغۇچى مۇناسىۋەت دېگىنىمىز، مۇناسىۋەتلەشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى ھۆكۈم، يەنى ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

چاڭجياڭ دەرياسى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۇزۇن، خۇاڭخې

دەرياسى خېيلوڭجياڭ دەرياسىدىن ئۇزۇن.

دېمەك، بۇ خىل مۇناسىۋەت: a ئوبيېكتىنىڭ b ئوبيېكتقا مەلۇم مۇناسىۋىتى بارلىقى، b نىڭ c غا نىسبەتەن شۇنداق بىر مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى، شۇنداق بولغاندا a بىلەن c غا نىسبەتەن شۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرگۈچى ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. بىر كىلوگرام مىڭ گرام.

ئۆزلۈك مۇناسىۋەت — ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە مەلۇم مۇناسىۋىتى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان مۇناسىۋەتلىك گۈچى ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

2. بىر مېتىر تەڭ يۈز سانتىمېتىرغا.

**17. راي ھۆكۈم دېگەن نېمە، ئۇ قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: راي ھۆكۈم دېگىنىمىز، تەركىبىگە راي ئۇقۇمى (چوقۇم، جەزمەن، مۇقەررەر، كېرەك، شەرت، تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت، توساتتىن، ئويلىغاندا، ئەمەلىيەت، رېئاللىق، ئېھتىمال، مۇمكىن قاتارلىقلار) نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھۆكۈمدۇر. تار مەنىدە ئېيتقاندا، راي ھۆكۈم ئوبيېكت ياكى ئوبيېكت ئەھۋالىنىڭ ئېھتىماللىقىنى ياكى مۇقەررەرلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرگۈچى ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. كوممۇنىزم چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

2. بۈگۈن يامغۇر يېغىشى مۇمكىن.

3. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر مۇقەررەركى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ.

4. مارستا ھاياتلىق بولماسلىقى مۇمكىن.

راي ھۆكۇملەر ئېھتىمال راي ھۆكۇم ۋە مۇقەررەر راي ھۆكۇم دېگەن ئىككى تۈرگە، ئېھتىمال ئىنكار ھۆكۇم ۋە تەستىقىي ھۆكۇم دېگەندىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يۇقىرىقى 1ـ، 3ـ مىسال مۇقەررەر راي ھۆكۇم؛ 2ـ، 4ـ مىسال بولسا ئېھتىمال راي ھۆكۇمدۇر.

راي ھۆكۇمنىڭ فورمۇلىسى: S مۇقەررەر P. ئېھتىمال راي ھۆكۇمنىڭ فورمۇلىسى: S ئېھتىمال P.

# IV باب قوشما هۆكۇم

**1. قوشما هۆكۇم دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟**

جاۋاب: قوشما هۆكۇم دېگىنىمىز، باشقا هۆكۇملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنى تەركىبىدىن باشقا هۆكۇم ئاجرىتىۋېلىشقا بولىدىغان هۆكۇمدۇر. مەسىلەن:

1. قوغۇن تورلىشىپ پىشتى.
2. ۋەتىنىمىزنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول.
3. مېتال سۇركەلسە قىزىيدۇ.

قوشما هۆكۇمنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بار.

بىرى قوشما هۆكۇم تەركىبىدىن باشقا هۆكۇملەرنى ئاجرىتىۋېلىشقا بولىدۇ (كۆپ هاللاردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي هۆكۇمنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپىدۇ) . يەنە بىرى، قوشما هۆكۇملەرنىڭ ھەقىقىي ـ ساختىلىقى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماق هۆكۇملەرنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

قوشما هۆكۇملەر باغلىنىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ بىرلەشمە هۆكۇم، تاللانما هۆكۇم، شەرتلىك هۆكۇم ۋە مەنپىي هۆكۇم دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**2. بىرلەشمە هۆكۇم دېگەن نېمە، تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: بىرلەشمە هۆكۇم دېگىنىمىز، بىرقانچە ئوبىيېكت ياكى ئوبىيېكتنىڭ بىرقانچە ئەھۋالىنىڭ بىرلا

ۋاقىتتا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ — مەشھۇر پەيلاسوپ، ئەدىب، ھەربىي ئالىم، ئاسترونوم ۋە تالانتلىق شائىر.

بىرلەشمە ھۆكۈملەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىرلەشكۈچى تارماقتىن (ئاددىي ھۆكۈمدىن) ۋە بىرلەشتۈرگۈچى تارماق (باغلىغۇچى ئۇقۇم) دىن تەركىب تاپىدۇ. بىرلەشكۈچى تارماق ئادەتتە «p» ۋە «q» بىلەن، بىرلەشتۈرگۈچى تارماق «∧» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. فورمۇلىسى «p∧q» ياكى «p» ھەمدە «q».

## 3. بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق چىنلىق قىممىتى قانداق؟

جاۋاب: بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق چىنلىق قىممىتى بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن، يەنى «تارماق ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بولغاندا، بىرلەشمە ھۆكۈممۇ ھەقىقىي، باشقا ئەھۋالدا ساختا بولىدۇ» غانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

بۇ خىل ئەھۋالنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

| ل. مۇتەللىپ شائىر ھەم يازغۇچى p∧q | ل. مۇتەللىپ — شائىر p | ل. مۇتەللىپ يازغۇچى q |
|---|---|---|
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | ھەقىقىي |
| ساختا | ساختا | ھەقىقىي |
| ساختا | ھەقىقىي | ساختا |
| ساختا | ساختا | ساختا |

**4. بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ ئىخچام شەكلى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: جانلىق تىلدا بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ ئىخچام شەكلى كۆپ قوللۇنىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە قوشما ھۆكۈملەنگۈچى بىرلەشمە ھۆكۈم، قوشما ھۆكۈملىگۈچى بىرلەشمە ھۆكۈم، قوشما ھۆكۈملەنگۈچى ۋە ھۆكۈملىگۈچىسى بولغان بىرلەشمە ھۆكۈم دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇ ھال تۆۋەندىكى ئۈچ مىسالدا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

1. شەھەرلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مەركىزى.

2. ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك قورۇلۇشنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى.

3. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى زور بىر تۈركۈم زامانىۋى ئىقتىساد، زامانىۋى تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىغا موھتاج.

**5. تاللانما ھۆكۈم دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: تاللانما ھۆكۈم دېگىنىمىز، ئوبيېكت ياكى ئوبيېكت ئەھۋالىدىكى بىرقانچە مۈمكىنچىلىكنى مۆئەييەنلەشتۈرگۈچى ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. ماددا ئاتنى بەلگىلەيدۇ ياكى ئاڭ ماددىنى بەلگىلەيدۇ.

2. ھۆكۈم بولغان ئىكەن، ئۇ يا تەستىقىي ھۆكۈم يا ئىنكار ھۆكۈم بولىدۇ.

تاللانما ھۆكۈم — تاللانما ۋە تاللانما باغلىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

تاللانما — تاللانما ھۆكۈم تەركىبىدىكى ھەرقايسى تارماق

ھۆكۈملەردىن ئىبارەت.

تاللانما باغلىغۇچى — تاللانما ھۆكۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچى سۆزلەر بولۇپ، ئادەتتە «يا» ، «ياكى» ، «بەلكىم» قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**6. تاللانما ھۆكۈملەر نېمىگە ئاساسەن قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، قايسىلار؟**

جاۋاب: تاللانما ھۆكۈم تاللانمىلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا سىغىشىپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ياكى تۇرالماسلىقىدىن ئىبارەت مۇناسىۋەتكە ئاساسەن سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم ۋە سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**7. سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى، فورمۇلىسى، چىنلىق قىممىتى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم دېگىنىمىز، تاللانمىلىرىنىڭ ئاز دېگەندىمۇ بىرسى، بولغاندا ھەممىسى ھەقىقىي بولىدىغان تاللانما ھۆكۈمدۇر.

1. غەلىبە قىلغۇچىلار يا كۈچ - قۇدرىتىنىڭ زورلۇقى ياكى قوماندانلىقىنىڭ ياخشىلىقىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

2. بۈگۈن ياكى شامال چىقىدۇ ياكى يامغۇر ياغىدۇ.

بۇلار سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم بولۇپ، تاللانمىلىرى بىرلا ۋاقىتتا سىغىشالايدۇ. فورمۇلىسى: $p \vee q$ (p ياكى q)

سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ چىنلىق قىممىتى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| q | p | $p \vee q$ |
|---|---|---|
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | ھەقىقىي |
| ھەقىقىي | ساختا | ھەقىقىي |
| ساختا | ھەقىقىي | ھەقىقىي |
| ساختا | ساختا | ساختا |

**8. سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى، فورمۇلىسى، چىنلىق قىممىتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈم دېگىنىمىز، تاللانمىلىرىدىن پەقەت بىرسىلا ھەقىقىي بولۇپ، قالغان تاللانمىلىرىنىڭ ھەممىسى ساختا بولغان تاللانما ھۆكۈملەردۇر.

مەسىلەن:

1. پەلسەپە ئىكەن، يا ماتېرىيالىستىك پەلسەپە بولىدۇ ياكى ئىدېئالىستىك پەلسەپە بولىدۇ.

2. جىسىم يا قاتتىق ھالەتتە يا سۇيۇق ھالەتتە، ياكى گاز ھالەتتە بولىدۇ.

مانا بۇ ھۆكۈملەرنىڭ پەقەت بىرلا تاللانمىسى ھەقىقىي، باشقا تاللانمىلىرى ساختا بولىدۇ. تاللانمىلىرى بىرلا ۋاقىتتا سىغىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: $p \dot{\vee} q$ (ياكى q ياكى p)

بۇ خىل ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا چىنلىق قىممىتى مۇنداق بولىدۇ:

| q | p | $p \dot{\vee} q$ |
|---|---|---|
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | ساختا |
| ساختا | ساختا | ساختا |
| ھەقىقىي | ساختا | ھەقىقىي |
| ساختا | ھەقىقىي | ھەقىقىي |

دېمەك، بۇ خىل ھۆكۈمدە پەقەت بىرلا تاللانمىسى ھەقىقىي بولۇشى كېرەك.

**9. شەرتلىك ھۆكۈم دېگەن نېمە، تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ، ئۇ قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: شەرتلىك ھۆكۈم دېگىنىمىز، مەلۇم بىر خىل

ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالى باشقا بىر خىل ئوبيېكت ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرماسلىقىغا شەرت بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكۇچى ھۆكۈم. باشقىچە دېگەندە، ئوبيېكت ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى شەرتلىك ھالدا مۇئەييەنلەشتۇرگۇچى ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

1. سۇ يېتەرلىك بولمىسا، بۇغدايدىن ياخشى ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ.
2. مىتال سۇركەلسە قىزىيدۇ.
3. بىر سان جۈپ سان بولسا ئۇ ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

شەرتلىك ھۆكۈملەر تۈزۈلۈش جەھەتتە شەرت بۆلەك، نەتىجە بۆلەكتىن ئىبارەت ئىككى تارماق ھۆكۈم ۋە شەرتلىك باغلىغۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. شەرت بۆلەك «p» بىلەن، نەتىجە بۆلەك «q» بىلەن، شەرتلىك باغلىغۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «→»، «←»، «↔» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

شەرتلىك ھۆكۈم شەرت بۆلىكىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈم، زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم، يېتەرلىك ھەم زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**10. يېتەرلىك شەرت ۋە يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈم دېگەن نېمە، ئۇنىڭ فورمۇلىسى ۋە چىنلىق قىممىتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: يېتەرلىك شەرت دېگىنىمىز، شەرت ھازىرلانسا، نەتىجە جەزمەن كېلىپ چىقىدىغان، شەرت ھازىرلانمىسا، نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ناتايىن بولغان شەرتتۇر (يۇقىرىقى 2 - مىسالغا قاراڭ).

يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈم دېگىنىمىز، شەرت بۆلىكى يېتەرلىك

شەرت بولغان ھۆكۈمدۇر. بۇ خىل شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ فورمۇلىسى: p → q (ئەگەر p بولسا، q مۇ بولىدۇ) . يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا، يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ چىنلىق قىممىتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| دەرەخ لىڭشىدى q | شامال چىقتى p | شامال چىقسا دەرەخ لىڭشىيدۇ p → q |
|---|---|---|
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | ھەقىقىي |
| ھەقىقىي | ساختا | ھەقىقىي |
| ساختا | ساختا | ھەقىقىي |
| ساختا | ھەقىقىي | ساختا |

**11. زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم دېگەن نېمە، زۆرۈر شەرت دېگەنچۇ، فورمۇلىسى ۋە چىنلىق قىممىتى قايسى؟**

جاۋاب: زۆرۈر شەرت دېگىنىمىز، مەلۇم شەرت ھازىرلانمىسا مەلۇم نەتىجە جەزمەن كېلىپ چىقمايدىغان، ئەمما شۇ شەرت ھازىرلانسىمۇ، شۇ نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشى ناتايىن بولغان شەرتتۇر. مەسىلەن:

1. ئاپتوموبىلنىڭ مېيى بولمىسا ئاپتوموبىل ماڭمايدۇ.

زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم دېگىنىمىز، شەرت بۆلىكى زۆرۈر شەرتتىن بولغان ھۆكۈمدۇر. فورمۇلىسى: p ← q، ھۆكۈم قورۇلمىسى: «ئەگەر p بولمىسا، q بولمايدۇ» ياكى «p بولغاندىلا، q بولىدۇ».

2. خاتالىقنى تونۇغاندىلا، ئاندىن خاتالىقنى تۈزەتكىنى بولىدۇ.

بۇ ھۆكۈمنىڭ «p بولمىسا، q بولمايدۇ. p بولسىمۇ q نىڭ بولۇشى ناتايىن» دېگەن ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئۇنىڭ چىنلىق

قىممىتى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| ماددا ئالمىشىش بولمىسا، ھاياتلىق بولمايدۇ. p ← q | ماددا ئالمىشىش يوق p (شەرت) | ھاياتلىق يوق q (نەتىجە) |
|---|---|---|
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | ھەقىقىي |
| ساختا | ساختا | ھەقىقىي |
| ھەقىقىي | ساختا | ساختا |
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | ساختا |

زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈمدە شەرت بۆلەك ھازىرلانماي (p ساختا)، نەتىجە بۆلەك كېلىپ چىقسا (q ھەقىقىي)، بۇ ھۆكۈم ساختا، باشقا ئۈچ خىل ئەھۋالدا ھەقىقىي بولىدۇ.

**12. يېتەرلىك ھەم زۆرۈرىي شەرتلىك ھۆكۈم ۋە يېتەرلىك ھەم زۆرۈرىي شەرت دېگەن نېمە، ئۇنىڭ فورمۇلىسى ۋە چىنلىق قىممىتى قانداق؟**

جاۋاب: يېتەرلىك ھەم زۆرۈرىي بولغان شەرت دېگىنىمىز، شەرت بۆلەك (p) بولسا، نەتىجە بۆلەك (q) بولغان، شەرت بۆلەك بولمىسا، نەتىجە بۆلەكمۇ بولمايدىغان شەرتتۇر.

يېتەرلىك ھەم زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم دېگىنىمىز، شەرت بۆلىكى ھەم يېتەرلىك، ھەم زۆرۈر شەرتتىن بولغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن، ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەرەپلىرى تەڭ بولسا بۇلۇڭلىرى تەڭ بولىدۇ. تەرەپلىرى تەڭ بولمىسا بۇلۇڭلىرىمۇ تەڭ بولمايدۇ.

فورمۇلىسى: $q \leftrightarrow p$. ھۆكۈم شەكلى: p بولسا ۋە پەقەت شۇنداق بولغاندىلا q بولىدۇ.

چىن قىممەت جەدۋىلى مۇنداق بولىدۇ:

| ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ. q | بۇ سان جۈپ سان p | بىر سان جۈپ سان بولسا، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ. $p \leftrightarrow q$ |
|---|---|---|
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | ھەقىقىي |
| ساختا | ساختا | ھەقىقىي |
| ھەقىقىي | ساختا | ساختا |
| ساختا | ھەقىقىي | ساختا |

**13. مەنپىي ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى، تۈزۈلۈشى، فورمۇلىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: مەنپىي ھۆكۈم دېگىنىمىز، مەلۇم ھۆكۈمنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

ھەممىلا كىشى دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلالايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

مەنپىي ھۆكۈم تۈزۈلۈش جەھەتتە: بىر تارماق ھۆكۈم (ئىنكار قىلىنىدىغان ھۆكۈم) ۋە بىر ئىنكار باغلىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

فورمۇلىسى: P، (P ⊣) . P دېگىلى بولمايدۇ.

مەنپىي ھۆكۈم قوشما ھۆكۈم دائىرىسىدىكى ئالاھىدە بىر خىل قوشما ھۆكۈم. ئۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇنىڭدا ئاددىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ھۆكۈممۇ بار. ئەمما، ئۇنىڭدىكى ئاددىي ھۆكۈملەرنىڭ (خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەرنىڭ) ئىنكار قىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان مەنپىي ھۆكۈملەر ئاددىي ھۆكۈم دائىرىسىدىكى خاراكتېرلىگۈچى ئىنكار ھۆكۈم «E» ۋە «O» ھۆكۈملىرىگە ئوخشاشمايدۇ.

مەنپىي ھۆكۈمنىڭ چىنلىق قىممىتىدە، ئەسلىي ھۆكۈم (ئىنكار قىلىنغان ھۆكۈم) ساختا بولسا، ھاسىل بولغان مەنپىي ھۆكۈم ھەقىقىي بولىدۇ. ئەگەر ئەسلىي ھۆكۈم ھەقىقىي بولسا

ھاسىل قىلىنغان مەنپىي ھۆكۈم ساختا بولىدۇ. بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

| ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز تىلى ئوقۇيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. (مەنپىي ھۆكۈم) p | ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە ئوقۇيدۇ. p (ئەسلىي ھۆكۈم) |
|---|---|
| ساختا | ھەقىقىي |
| ھەقىقىي | ساختا |

مەنپىي ھۆكۈم ئەسلىي ھۆكۈمنىڭ ئاددىي ھۆكۈم ياكى قوشما ھۆكۈم ئىكەنلىكىگە قاراپ ئاددىي ھۆكۈملۈك مەنپىي ھۆكۈم، قوشما ھۆكۈملۈك مەنپىي ھۆكۈم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئاددىي ھۆكۈم ياكى قوشما ھۆكۈمنىڭ قايسى تۈرىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان مەنپىي ھۆكۈم بولسا شۇ خىل ھۆكۈملۈك مەنپىي ھۆكۈم بولىدۇ.

ھەممە مەنپىي ھۆكۈمنىڭ تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈمى بولىدۇ.

تۆۋەندە بىز خاراكتېرلىگۈچى ئاددىي ھۆكۈملۈك مەنپىي ھۆكۈمنىڭ ئەسلىي ھۆكۈمى، ھاسىل بولغان مەنپىي ھۆكۈمى ۋە ھەر بىر تۈر ئاددىي ھۆكۈملۈك مەنپىي ھۆكۈمنىڭ تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈمىنى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

| خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەر | ئاددىي ھۆكۈملۈك مەنپىي ھۆكۈملەر | تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈملەر |
|---|---|---|
| ھەممە S — P دۇر | ھەممە S — P دېگىلى بولمايدۇ | بەزى S — P دۇر |
| بىرمۇ S — P ئەمەس | ھەممە S — P ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ | ھەممە S — P ئەمەس |
| بەزى S — P دۇر | بەزى S — P دېگىلى بولمايدۇ | ھەممە S — P ئەمەس |
| بەزى S — P ئەمەس | بەزى S — P ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ | ھەممە S — P دۇر |
| بۇ S — P دۇر | بۇ S — P دېگىلىبولمايدۇ | بۇ S — P ئەمەس |
| بۇ S — P ئەمەس | بۇ S — P ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ | بۇ S — P دۇر |

# V باب خۇلاسە (1)

**1. خۇلاسە دېگەن نېمە، تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: خۇلاسە دېگىنىمىز، كىشىلەرگە مەلۇم بولغان بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمدىن يېڭى بىر ھۆكۈمنى يەكۈنلەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت تەپەككۇر شەكلى.

خۇلاسە ئاساس ۋە يەكۈندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

ئاساس دېگىنىمىز، كىشىلەرگە مەلۇم بولغان، يەكۈن چىقىرىشتا تايىنىلىدىغان ھۆكۈم.

يەكۈن دېگىنىمىز، ئاساسلارغا تايىنىپ كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان يېڭى ھۆكۈم. مەسىلەن:

1. ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر.

شۇڭا، ھاياتنى قەدىرلىگەن كىشى ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ.

2. ھەقىقەت تەنقىدتىن قورقمايدۇ.

ئىلىم - پەن بولسا ھەقىقەت. شۇنداقكەن ئىلىم - پەن تەنقىدتىن قورقمايدۇ.

3. بايان جۈملە ئىنتوناتسىگە ئىگە.

سوراق جۈملە ئىنتوناسىيەگە ئىگە.

ئۈندەش جۈملە ئىنتوناتسىيىگە ئىگە.

مانا بۇلار تىلدىكى بارلىق جۈملە تۈرلىرىدۇر.

دېمەك، تىلدىكى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتوناتسىيىگە ئىگە.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى خۇلاسە بولۇپ، خۇلاسىگە بىرىلگەن ئېنىقلىمىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

خۇلاسىدە «شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنداقكەن، دېمەك، قىسقىسى» قاتارلىق باغلىغۇچى سۆزلەردىن بۇرۇن كەلگىنى ئاساس، كېيىن كەلگىنى يەكۇن بولىدۇ.

## 2. خۇلاسىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: خۇلاسە شەكلى دېگىنىمىز، خۇلاسە مەزمۇنىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش فورمىسى (قۇرۇلمىسى).

خۇلاسە مەزمۇنى — ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خۇلاسە تەركىبىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا ئىپادىلىنىۋاتقان ئىدىيە.

خۇلاسە شەكلى بولسا خۇلاسە تەركىبىدىكى ھۆكۈم شەكىللىرى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

شۇڭا، خۇلاسە شەكىللىرىنى پىششىق ئىگىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھۆكۈم شەكىللىرىنى پىششىق ئىگىلەش لازىم.

## 3. خۇلاسىنىڭ لوگىكىلىق بولۇشىنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: خۇلاسىنىڭ لوگىكىلىق بولۇشى ئۈچۈن، بىرى: خۇلاسىدە ئاساس قىلىنغان ھۆكۈم ھەقىقىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك؛ يەنە بىرى: خۇلاسە شەكلى توغرا بولۇشى، خۇلاسە جەريانىدا خۇلاسە قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىنىشى شەرت. ئەگەر خۇلاسىدە بۇ شەرتكە رىئايە قىلىنمىسا، خۇلاسە مەنتەقىي بولماي قالىدۇ. مەسىلەن:

1. پۇل يوقىتىپ قويمىغان ئادەمدە جەزمەن پۇل بولىدۇ.

قاسىم پۇل يوقىتىپ قويمىغان. دېمەك، قاسىمدا جەزمەن پۇل بار.

2 . قوغۇن — تاتلىق مېۋە.

قوغۇن — پىلەكلىك ئۆسۈملۈك. دېمەك، پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى تاتلىق مېۋە.

1 ـ مىسالدا خۇلاسىنىڭ ئاساسى ھەقىقىي ھۆكۈم بولمىغان.

2 ـ مىسالدا ئاساسلار ھەقىقىي ھۆكۈم بولسىمۇ، شەكلى توغرا بولمىغان، نەتىجىدە مەنتەقىسىز، بىمەنە بىر يەكۈن كېلىپ چىققان.

## 4. خۇلاسىنىڭ قانداق تۈرلىرى بار، قايسىلار؟

جاۋاب: خۇلاسە ئالدى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ يەشمە خۇلاسە، يىغما خۇلاسە ۋە سېلىشتۇرما خۇلاسە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1 . ئاساس بىلەن يەكۈن ئوتتۇرىسىدىكى تايىنىشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ مۇقەررەرلىك خۇلاسە ۋە ئېھتىماللىق خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2 . تەركىبىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئاددىي ھۆكۈم ۋە ياكى قوشما ھۆكۈم ئىكەنلىكىگە قاراپ ئاددىي ھۆكۈملۈك خۇلاسە ۋە قوشما ھۆكۈملۈك خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

3 . خۇلاسە ئاساس سانىنىڭ بىر ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە قاراپ ۋاسىتىلىق خۇلاسە ۋە ۋاسىتىسىز خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 5 . يەشمە خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يەشمە خۇلاسە دېگىنىمىز، ئومۇملۇق توغرىسىدىكى ھۆكۈملەردىن ئايرىملىق توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى يەكۈنلەپ چىقىرىدىغان خۇلاسىدۇر.

## 6 . يىغما خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يىغما خۇلاسە بولسا، ئايرىملىق توغرىسىدىكى

ھۆكۈملەردىن ئومۇملۇق خاراكتېرىدىكى ھۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

**7. سىلىشتۇرما خۇلاسە دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: سىلىشتۇرما خۇلاسە دېگىنىمىز، ئىككى ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار بەلگىلەرنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن يەنە بىر ياكى بىر قاتار بەلگىلىرىنىڭمۇ ئوخشاش بولۇش ئېھتىماللىقىنى يەكۈنلەپ چىقىرىدىغان ھۆكۈم، يەنى پىكىردە ئايرىملىقتىن - ئايرىملىق، ئالاھىدىلىكتىن - ئالاھىدىلىك يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

**8. بىۋاسىتە خۇلاسە دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: بىۋاسىتە (ۋاسىتىسىز) خۇلاسە دېگىنىمىز، بىرلا ھۆكۈمنى ئاساس قىلىپ يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسە. بۇ خۇلاسە يەشمە خۇلاسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى ۋە يەكۈنى خاراكتېرلىكۈچى ھۆكۈم بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەرقانداق شەيئى تەرەققىي قىلىدۇ.

دېمەك، تەرەققىي قىلمايدىغان بىرمۇ شەيئى يوق.

بىۋاسىتە خۇلاسە ئۆز ئىچىدىن ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغان ۋاسىتىسىز خۇلاسە، ھۆكۈم شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسلانغان ۋاسىتىسىز خۇلاسە ۋە بەلگە ئۇلانغان ۋاسىتىسىز خۇلاسە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**9. ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئاسالانغان ۋاسىتىسىز خۇلاسە دېگەن نېمە، قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغان ۋاسىتىسىز خۇلاسە

دېگىنىمىز، ماتېرىيالى ئوخشاش بولغان A، E، I، O ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ مەلۇم بىرسىنىڭ ئەھۋالىدىن باشقا ئۈچىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسە. بۇ خىل خۇلاسىدە مۇقەررەرلىككە ئىگە يەكۈنلۈك خۇلاسىلا نەزەرگە ئېلىنىپ، ئېھتىماللىقتا ئىگە يەكۈنلۈك خۇلاسىلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ.

لوگىكىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتى (چاسا سەپ مۇناسىۋىتى) گە ئاساسلىنىپ تۆت خىل ھۆكۈمنىڭ ھەربىرىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت خىلدىن مۇقەررەر يەكۈن كەلتۈرۈپ چىقىشقا بولىدۇ.




| | | | |
|---|---|---|---|
| A) SAP $\vdash$ $\underline{\overline{SEP}}$ | E) SEP $\vdash$ $\underline{\overline{SAP}}$ | I) SIP $\vdash$ $\overline{SEP}$ | O) $\overline{SOP}$ $\vdash$ $\overline{SEP}$ |
| SAP $\vdash$ SOP | SEP $\vdash$ SIP | $\overline{SIP}$ $\vdash$ $\overline{SAP}$ | $\overline{SOP}$ $\vdash$ SAP |
| $\underline{SAP}$ $\vdash$ SIP | $\underline{SEP}$ $\vdash$ SOP | $\underline{\overline{SIP}}$ $\vdash$ SEP | $\overline{SOP}$ $\vdash$ $\underline{SIP}$ |
| SAP $\vdash$ SOP | SEP $\vdash$ SIP | SIP $\vdash$ SOP | SOP $\vdash$ SAP |

## 10. ھۆكۈم شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسلانغان ۋاستىسىز خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانچە خىل ئۇسۇلى بار؟

جاۋاب: بۇ، ھۆكۈم شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە ئاساسلانغان ۋاستىسىز خۇلاسە بولۇپ، ئەسلىي ھۆكۈم مەزمۇنىنى

ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ھۆكۈم سۇپىتى ياكى ھۆكۈملەنگۈچى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى شەكىلدىكى ھۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان ۋاستىسىز خۇلاسىدۇر. يەنى ئاساسنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

بۇ خىل خۇلاسە ئاساسەن ھۆكۈم شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن سۇپەت ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە سۇپەت ـ ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

## 11. سۇپەت ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانداق قائىدىسى بار؟

جاۋاب: سۇپەت ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئاساستىكى تەستىقىي ھۆكۈمنى ئىنكار ھۆكۈمگە، ئىنكار ھۆكۈمنى تەستىقىي ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يەكۈن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغان ۋاستىسىز خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

1. ھەرقانداق جىسىم ھەركەتلىنىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق جىسىم ھەركەتلەنمەي قالمايدۇ. SAP ⊢ SEP.

2. ھەرقانداق قىيىنچىلىقنىڭ يەڭگىلى بولمايدىغان يېرى يوق.

دېمەك، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ. SEP ⊢ SAP.

3. بەزى ئۇرۇشلار ئادالەتلىك ئۇرۇش. دېمەك، بەزى ئۇرۇشلار ئادالەتسىز ئۇرۇش ئەمەس. SIP ⊢ SOP.

4. بەزى زىددىيەتلەر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت. دېمەك، بەزى زىددىيەتلەر دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت. SOP ⊢ SIP.

تۆت خىل ھۆكۈمنىڭ سۇپەت ئالماشتۇرۇلۇشىنى جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلىسەك:

| سۇپىتى ئالماشقان ھۆكۈم | ئەسلى ھۆكۈم |
| --- | --- |
| SEP ← | SΛP |
| SAP ← | SEP |
| SOP ← | SIP |
| SIP ← | SOP |

فورمۇلادىكى «—» ئىنكار مەنىسى، «←» شەكىل ئۆزگەرتىش جەريانىنى ۋە يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭ ئىككى قائىدىسى بار: بىرى، يەكۈن بىلەن ئاساسىنىڭ سۇپىتى ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك؛ يەنە بىرى، ئاساس بىلەن يەكۈننىڭ ھۆكۈم ئاتالغۇسى ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

## 12. ئورۇن ئالماشتۇرۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئورۇن ئالماشتۇرۇش دېگىنىمىز، ئاساس قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يەكۈن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغان ۋاستىسىز خۇلاسىگە قارىتىلغان. مەسىلەن:

1. ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشى ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەيدۇ.

دېمەك، ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدۇ. SAP ⊢ PAS

2. ئىدىئالىزم ئىلمىي دۇنيا قاراش ئەمەس.

شۇنداق ئىكەن، ئىلمىي دۇنيا قاراش ئىدېئالىزم ئەمەس. SEP ⊢ PEP

3. بەزى ئىمارەتلەر ئولتۇراق جاي.

دېمەك، ئولتۇراق جايلار ئىمارەت. SIP — PI $\bar{S}$

جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈم «O» دا ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. سەۋەب ئورۇن ئالماشتۇرۇلسا مەنتەقىسىز يەكۈن چىقىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ھايۋانلارنىڭ بىر قىسمى كالا ئەمەس.

دېمەك، كالىنىڭ بىر قىسمى ھايۋان ئەمەس.

ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىككى قائىدىسى بار: بىرى، ئاساس بىلەن يەكۈننىڭ سۈپىتى ئوخشاش ھۆكۈم بولۇش؛ يەنە بىرى، ئاساسنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى يەكۈننىڭمۇ ھۆكۈملىگۈچىسى بولۇشى كېرەك.

## 13. سۈپەت - ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: بۇ سۈپەت ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى بىرلىكتە قوللىنىش ئۇسۇلىدۇر. سۈپەت - ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئاۋۋال سۈپەت ئۆزگەرتىلىدۇ، ئاندىن ئورۇن ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ياشلاردۇر.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاق ئەزالىرى غەيرىي ياشلار ئەمەس.

دېمەك، غەيرىي ياشلار كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاق ئەزالىرى ئەمەس.

سۈپەت، ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسلانغان خۇلاسىنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق بولىدۇ.

(1) SAP ⊢ SE$\bar{P}$ ⊢ $\bar{P}$ES
(2) SEP ⊢ SA$\bar{P}$ ⊢ $\bar{P}$AS
(3) SIP ⊢ SO$\bar{P}$ ⊢ ×
(4) SOP ⊢ SI$\bar{P}$ ⊢ $\bar{P}$OS

**14. ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: بىر ئورتاق ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمدىن يەنە بىر خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان ئاددىي ھۆكۈملۈك خۇلاسە (كەسمە) ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن،

1. ماددا بۆلۈنىدۇ.
ئاساسىي زەررىلەر — ماددا.
شۇڭا، ئاساسىي زەررىلەر بۆلۈنىدۇ.

2. رومان — ئەدەبىي ئەسەر.
رومان — تەربىيە قورالى.
دېمەك، بەزى تەربىيە قورالى — ئەدەبىي ئەسەر.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىپ تۇرىدۇكى، ھەرقانداق ئۈچ ھۆكۈملۈك ئۈچ خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئۈچ ھۆكۈم تەركىبىدە ئۈچلا ئۇقۇم (ئاتالغۇ) بولىدۇ. ئۈچ ھۆكۈمنىڭ ئىككىسى ئاساس، بىرسى يەكۈن دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسلارنىڭ بىرى چوڭ ئاساس، يەنە بىرسى كىچىك ئاساس بولىدۇ.

چوڭ ئاساس دېگىنىمىز، ئاساسلار ئىچىدە ئومۇملۇق دەرىجىسى چوڭراق بولغان (چوڭ ئاتالغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئاساس.

كىچىك ئاساس دېگىنىمىز، ئاساسلار ئىچىدە ئومۇملۇق دەرىجىسى كىچىكرەك بولغان (كىچىك ئاتالغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان)

ئاساستۇر.

ئۈچ ھۆكۈملۈك تەركىبىدىكى ئۈچ ئاتالغۇ كىچىك ئاتالغۇ، ئوتتۇرا ئاتالغۇ ۋە چوڭ ئاتالغۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

چوڭ ئاتالغۇ — چوڭ ئاساستا بىر قېتىم كۆرۈنۈپ، يەكۈندە ھۆكۈملىگۈچى بولىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، P بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاتالغۇ دېگىنىمىز، ئىككى ئاساستا بىر قېتىمدىن كۆرۈنۈپ، يەكۈندە كۆرۈنمەيدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، M بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

كىچىك ئاتالغۇ بولسا كىچىك ئاساستا بىر قېتىم كۆرۈنۈپ، يەكۈندە ھۆكۈملەنگۈچى بولۇپ كېلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، S بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مېتال توك ئۆتكۈزىدۇ. (چوڭ ئاساس)

مىس — مېتال (كىچىك ئاساس)

شۇڭا، مىس توك ئۆتكۈزىدۇ. (يەكۈن)

«توك ئۆتكۈزۈش» چوڭ ئاتالغۇ («P» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ)

«مېتال» ئوتتۇرا ئاتالغۇ («M» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ)

مىس كىچىك ئاتالغۇ («S» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ)

ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان خۇلاسە شەكلى، شۇڭا ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

### 15. ئۈچ ھۆكۈملۈك ئاكسىيوما دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆپ قېتىم سىنالغان، ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھۆكۈملەر ئاكسىيوما دېيىلىدۇ. ئۈچ ھۆكۈملۈكلەر ئاشۇ ئاكسىيوما ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ.

ئاكسىيوما ئاساسىدىكى قۇرۇلما — بىر تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ

ھەممىسى نېمە بولسا ياكى نېمە بولمىسا، شۇ تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ بىر قىسمى ياكى يەككە بىرسىمۇ شۇ نېمە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان خۇلاسىدۇر.

ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئاكسىيومىسىنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.



تەبىئىي پەنلەر (M) نىڭ نىسپىيلىكى بولمايدۇ (P)
ماتېماتىكا (S) تەبىئىي پەن (M)
شۇڭا، ماتېماتىكا (S) نىڭ نىسپىيلىكى يوق (P)

**16. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قانداق قائىدىلىرى بار، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا قانداق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ؟**

جاۋاب: ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قائىدىلىرى ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئاكسىيومىسىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ، ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. بۇ قائىدىلەرنىڭ قايسىبىرسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۈچ ھۆكۈملۈكتە ھەقىقىي يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بىر ئۈچ ھۆكۈملۈكتە پەقەت چوڭ ئاتالغۇ، كىچىك ئاتالغۇ ۋە ئوتتۇرا ئاتالغۇدىن ئىبارەت ئۈچلا ئاتالغۇ بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنىپ ئىككى ئاتالغۇلۇق بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا چوڭ ئاتالغۇنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋاسىتە بولماي قالىدۇ. ئەگەر

تۆت ئاتالغۇلۇق بولۇپ قالسا، چوڭ ئاتالغۇ بىر ئاتالغۇغا، كىچىك ئاتالغۇ بىر ئاتالغۇغا باغلىنىپ قېلىپ، چوڭ ئاتالغۇ بىلەن كىچىك ئاتالغۇ ئۆزئارا باغلانماي قالىدۇ. نەتىجىدە يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقارغىلى بولمايدۇ، ياكى چىقىرىلغان يەكۈن ئىشەنچسىز ھەتتا ساختا بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

1) شەيئىلەر — زىددىيەتلىك بولىدۇ.
زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان شەيئى بولمايدۇ.
∴ ؟
2) تاماكا چېكىش — سالامەتلىككە زىيانلىق.
قاسىم ھاراق ئىچىدۇ.
∴ ؟
3) بىز ئەمگەكنى قەدىرلەيمىز.
ئوغرىنىڭ تام تېشىشى ئەمگەك.
∴ بىز ئوغرىنىڭ تام تېشىشىنى قەدىرلەيمىز.

2. ئوتتۇرا ئاتالغۇ ئاساسلار ئاز دېگەندە بىر قېتىم پۈتۈن ھەجىملىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا، «ئوتتۇرا ئاتالغۇ قىسمەن ھەجىملىك بولۇپ قېلىش» خاتالىقى كۆرۈلۈپ، ئىشەنچلىك، ھەقىقىي يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ دېلو سادىر قىلىش غەرىزى بولىدۇ.
بۇ كىشىنىڭ مۇشۇ دېلونى سادىر قىلىش غەرىزى بولغان.
∴ بۇ دېلونى جەزمەن مۇشۇ ئادەم سادىر قىلغان.

3. ئاساستا قىسمەن ھەجىملىك بولغان ئاتالغۇ، يەكۈندە پۈتۈن ھەجىملىك قىلىپ قويۇلماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا «كىچىك ئاتالغۇنى كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ ـ دە، يەكۈن مەنتىقىسىز بولۇپ قالىدۇ». مەسىلەن:

هاشىم بوۋاي — ساۋاتسىز.
هاشىم بوۋاي — دېهقان.
∴ دېهقانلارنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىز.
4. ئىنكار بولغان ئىككى ھۆكۈمنى ئاساس قىلىپ يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئوتتۇرا ئاتالغۇنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى بولمايدۇ - دە، يەكۈننى خۇلاسىلەپ چىقارغىلى بولمايدۇ.
1) زەخىملەندۈرۈش قاتىللىق جىنايىتى ئەمەس.
بۇ زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ئەمەس.
∴ ؟
2) ماركسىزم دوگما ئەمەس.
ماركسىزم تەنقىدتىن قورقمايدۇ.
∴ ؟
5. ئەگەر ئاساسلارنىڭ بىرى ئىنكار ھۆكۈم بولسا، يەكۈنمۇ ئىنكار ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:
پەن ئۆگىنىش ساختىپەزلىكنى خالىمايدۇ.
لوگىكا ئۆگىنىش — پەن ئۆگىنىش.
∴ لوگىكا ئۆگىنىش ساختىپەزلىكنى خالىمايدۇ.
6. جۇزئىي بولغان ئىككى ھۆكۈمنى ئاساس قىلىپ يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:
بەزى ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيىگە قىزىقمايدۇ.
بەزى ئوقۇغۇچىلار كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدۇ.
∴ ؟
7. ئەگەر ئاساسلارنىڭ بىرسى جۇزئىي ھۆكۈم بولسا يەكۈنمۇ جۇزئىي ھۆكۈم بولىدۇ.
1) ياخشى ئادەم پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك

قىلمايدۇ.

بۇ بىرنەچچە كىشى پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلاردۇر.

∴ بۇ بىرنەچچە كىشى ياخشى ئادەملەر ئەمەس.

8. ھەر ئىككى ئاساس تەستىقسىي ھۆكۈم بولسا يەكۈنمۇ تەستىقسىي ھۆكۈم بولىدۇ.

## 17. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئەندىزىسى دېگەن نېمە، ھەر بىر ئەندىزىنىڭ فورمۇلىسىنى يېزىپ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب: ئۈچ ھۆكۈملۈكتە ئۈچ خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم ۋە ئۈچ ئاتالغۇ بولىدۇ. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئەندىزىسى دېگىنىمىز، ئوتتۇرا ئاتالغۇ (M) نىڭ ئىككى ئاساستا تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن شەكىللەنگەن ئۈچ ھۆكۈملۈك قۇرۇلمىدىن ئىبارەت.

ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ تۆت ئەندىزىسى بار. ئۇلار: بىرىنچى ئەندىزە، ئىككىنچى ئەندىزە، ئۈچىنچى ئەندىزە، تۆتىنچى ئەندىزە دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىنچى ئەندىزە: ئوتتۇرا ئاتالغۇ چوڭ ئاساستا ھۆكۈملەنگۈچى، كىچىك ئاساستا ھۆكۈملىگۈچى بولۇپ كېلىدىغان ئەندىزە. مەسىلەن:

زەھەرلىك نەرسىلەرنى يېيىشكە بولمايدۇ.

بەزى چۆپلەر — زەھەرلىك.

∴ بەزى چۆپلەرنى يېيىشكە بولمايدۇ.

بىرىنچى ئەندىزىلىك ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قۇرۇلمىسى (فورمۇلىسى) مۇنداق:

$$M \longleftrightarrow P$$
$$S \longrightarrow M$$
$$\therefore \ S \longrightarrow P$$

ئىككىنچى ئەندىزە: ئوتتۇرا ئاتالغۇ ھەر ئىككى ئاساستا ھۆكۈملىگۈچى بولۇپ كېلىدىغان ئەندىزە. مەسىلەن:

تاۋار — ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى.

ھاۋا — ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى ئەمەس.

شۇنداقكەن، ھاۋا — تاۋار ئەمەس.

بۇ ئەندىزىنىڭ قۇرۇلمىسى (فورمۇلىسى):

M — P

S — M

―――――

∴ S—P

ئۈچىنچى ئەندىزە: ئوتتۇرا ئاتالغۇ ھەر ئىككى ئاساستا ھۆكۈملەنگۈچى بولۇپ كېلىدىغان ئەندىزە. مەسىلەن:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ — شائىر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ — پەيلاسوپ.

دېمەك، بەزى پەيلاسوپلار شائىر.

بۇ ئەندىزىنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

M — P

M — S

―――――

∴ S—P

تۆتىنچى ئەندىزە: ئوتتۇرا ئاتالغۇ چوڭ ئاساستا ھۆكۈملىگۈچى، كىچىك ئاساستا ھۆكۈملەنگۈچى بولۇپ كېلىدىغان ئەندىزە. مەسىلەن:

بەزى ئۆسۈملۈكلەر — دورا ئۆسۈملۈكى.

دورا ئۆسۈملۈكى كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

دېمەك، كېسەلگە شىپا بولىدىغان بىر قىسىم نەرسىلەر ئۆسۈملۈك.

بۇ ئەندىزىنىڭ فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{l} P - M \\ M - S \\ \hline \therefore \; S - P \end{array}$$

**18. ھەربىر ئەندىزىنىڭ قانداق ئالاھىدە قائىدىلىرى بار، ئەندىزىلەرنىڭ رولى نېمە؟**

جاۋاب: ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ يۇقىرىقى سەككىز قائىدىسىدىن باشقا، يەنە ھەرقايسى ئەندىزىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە قائىدىلىرى بولۇپ، بۇ قائىدىلەرمۇ ئۈچ ھۆكۈملۈكتىن توغرا پايدىلىنىشتا زۆرۈر رول ئوينايدۇ.

بىرىنچى ئەندىزىنىڭ قائىدىسى: (1) كىچىك ئاساس تەستىقىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. (2) چوڭ ئاساس جەزمەن ئومۇمىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. (3) يەكۇن A، E، I، O دىن ئىبارەت تۆت خىل ھۆكۈمنىڭ قايسى بولسا بولۇۋېرىدۇ. كىشىلەر ئومۇمىي قائىدىلەرگە ئاساسەن ئايرىملىق ئۈستىدە يەكۇن چىقارماقچى بولغىنىدا مۇشۇ ئەندىزە، مۇشۇ قائىدىلەردىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بارلىق يۇقىرالار قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك.
رەھبىرىي كادىرلارمۇ يۇقىرا.
شۇڭا، رەھبىرىي كادىرلارمۇ قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك.

ئىككىنچى ئەندىزىنىڭ قائىدىسى: (1) ئىككى ئاساسنىڭ بىرسى ئىنكار ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. (2) چوڭ ئاساس جەزمەن ئىنكار ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. كىشىلەر مەلۇم بىر ئوبيېكتنىڭ باشقا بىر ئوبيېكت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا ياكى مەلۇم خاتا، ساختا ھۆكۈمگە رەددىيە بەرمەكچى بولغىنىدا مۇشۇ ئەندىزىدىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھەرقانداق مېتال توك ئۆتكۈزىدۇ.
بۇ جىسىم توك ئۆتكۈزمىدى.

دېمەك، بۇ جىسىم مېتال ئەمەس.

ئۈچىنچى ئەندىزىنىڭ ئالاھىدە قائىدىسى: (1) كىچىك ئاساس جەزمەن تەستىقىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. (2) يەكۈن جەزمەن جۈزئىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. كىشىلەر مەلۇم ئالاھىدە ئەھۋاللارنى تەستىقلاپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، خاتا بولغان ئومۇمىي ھۆكۈمگە رەددىيە بەرمەكچى بولغاندا كۆپىنچە مۇشۇ ئەندىزىدىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن دۇنياغا مەشھۇر ئەدىب.

ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن — ئۇيغۇر.

دېمەك، بەزى ئۇيغۇرلار دۇنياغا مەشھۇر ئەدىب.

تۆتىنچى ئەندىزىنىڭ قائىدىسى: (1) ئىككى ئاساسنىڭ بىرى ئىنكار ھۆكۈم بولسا، چوڭ ئاساس ئومۇمىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. (2) چوڭ ئاساس تەستىقىي ھۆكۈم بولسا، كىچىك ئاساسمۇ تەستىقىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. (3) كىچىك ئاساس تەستىقىي ھۆكۈم بولسا، يەكۈن جۈزئىي ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. (4) ھەرقانداق بىر ئاساس جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈم بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. (5) يەكۈن ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم بولماسلىقى كېرەك مەسىلەن:

بەزى ئۆسۈملۈكلەر — دورا ئۆسۈملۈكى.

دورا ئۆسۈملۈكى كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

دېمەك، كېسەلگە شىپا بولىدىغان بىر قىسىم نەرسىلەر ئۆسۈملۈك.

بۇ ئەندىزىنىڭ فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{l} P - M \\ M - S \\ \hline \therefore\ S - P \end{array}$$

**19. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ پاسونى دېگەن نېمە، قانچە**

خىل ئۇنۇملۇك پاسونى بار؟

جاۋاب: ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ پاسونى دېگىنىمىز، ئۈچ ھۆكۈملۈك تەركىبىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ سۈپەت ۋە مىقدارىنىڭ خىلمۇ خىل ماسلىشىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئاساس ۋە يەكۈنى ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم بولسا AAA پاسونلۇق، چوڭ ئاساسى ئومۇمىي تەستىقىي، كىچىك ئاساس ۋە يەكۈنى جۈزئىي تەستىقىي ھۆكۈم بولسا AII پاسونلۇق ئۈچ ھۆكۈملۈك شەكىل ھاسىل بولىدۇ.

ئۈچ ھۆكۈملۈكتە قائىدىگە ئۇيغۇن بولغان 11 خىل توغرا پاسون بار. ئۇلار: AAA، AAI، AEE، AEO، AII، AOO، EAE، EAO، EIO، IAI، OAO پاسونلىرىدىن ئىبارەت.

بۇ 11 خىل پاسوننى ھەربىر ئەندىزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قائىدىسىگە ئاساسەن تەقسىم قىلساق مۇنداق بولىدۇ.

| بىرىنچى ئەندىزە | ئىككىنچى ئەندىزە | ئۈچىنچى ئەندىزە | تۆتىنچى ئەندىزە |
|---|---|---|---|
| AAA | AEE | AAI | AAI |
| EAE | EAE | EAO | EAO |
| AII | AOO | AII | AEE |
| EIO | EIO | EIO | EIO |
| (AAI) | (AEO) | IAI | IAI |
| (EAO) | (EAO) | OAO | (AEO) |

يۇقىرىقى پاسونلاردىن يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بەش خىل پاسون ئاجىز پاسون دېيىلىدۇ. ئاجىز پاسون دېگىنىمىز، ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىشقا بولىسمۇ پەقەت جۈزئىي يەكۈنلا چىقىرىلىدىغان پاسونلاردۇر.

## 20. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى

دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى دېگىنىمىز، كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكتىكى ئىككى ئاساسنىڭ بىرى ياكى يەكۈنى ئېيتىلمايدىغان شەكىل. ئۈچ ھۆكۈملۈكتە ئۈچ خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم بولىدۇ. ئەمما، جانلىق تىلدا ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قىسقا، جانلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاڭلىغۇچىلار چۈشىنەلەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ خالىغان بۆلىكىنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ. ئۈچ ھۆكۈملۈك قايسى بۆلىكىنىڭ قىسقارتىلغانلىقىغا قاراپ، چوڭ ئاساسى قىسقارتىلغان شەكلى، كىچىك ئاساسى قىسقارتىلغان شەكلى ۋە يەكۈنى قىسقارتىلغان شەكلى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. چوڭ ئاساسى قىسقارتىلغان شەكلى. بۇ، چوڭ ئاساسى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغان شەكىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

سىلەر ـ ئوقۇغۇچى.

شۇڭا، سىلەر مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشىڭلار كېرەك.

بۇ ئۈچ ھۆكۈملۈكتە «ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش كېرەك» دېگەن چوڭ ئاساسى قىسقارتىلغان.

2. كىچىك ئاساسى قىسقارتىلغان شەكىل.

كىچىك ئاساستىكى پىكىر بىلەن چوڭ ئاساستىكى پىكىرنىڭ باغلىنىشى ئىنتايىن روشەن، كىچىك ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھاجەتسىز بولغان ئەھۋالدا، كىشىلەر كىچىك ئاساسنى قىسقارتىپ تاشلايدۇ. مەسىلەن:

سالامەتلىككە زىيانلىق بولغان ئەسكى ئادەتلەرنى تاشلىۋېتىش كېرەك.

شۇڭا، تاماكا چېكىشنى تاشلاش كېرەك.

بۇنىڭدا «تاماكا چېكىش سالامەتلىككە زىيانلىق» دېگەن كىچىك ئاساس قىسقارتىۋېتىلگەن.

3. يەكۈن قىسقارتىلغان شەكىل.

يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلمىسىمۇ، ئۆزلىرى يەكۈن

چىقىرىۋالالايدىغان، پىكىرنىڭ سالمىقى تېخىمۇ ئاشىدىغان ئەھۋالدا كىشىلەر يەكۇننى قىسقارتىپ تاشلايدۇ. مەسىلەن:

ھەققانىي ئىش ھامان غەلىبە قىلىدۇ.

بۇ بىر ھەققانىي ئىش.

بۇنىڭدا «شۇڭا بۇ ئىش جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ» دېگەن يەكۇن قىسقارتىۋېتىلگەن.

**21. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قوشما شەكلى دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانچە خىل شەكلى بار؟**

جاۋاب: ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قوشما شەكلى دېگىنىمىز، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ شەكىلدىكى ئۈچ ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن:

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئومۇرتقىلىق ھايۋان.

ئاچا تۇياق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.

كالا — ئاچا تۇياق ھايۋان.

شۇڭا، كالا — ئومۇرتقۇلۇق ھايۋان.

مانا بۇ بىر، ئىككى، ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ ئۈچ ھۆكۈملۈك شەكىل بولۇپ، فورمۇلىسى:

$$\left\{\begin{array}{l} M_1 - P \\ M_2 - M_1 \\ \hline \therefore M_2 - P \end{array}\right.\qquad \left.\begin{array}{l} \therefore M_2 - P \\ M_3 - M_2 \\ \hline \therefore M_3 - P \end{array}\right\}$$

بۇلار مۇرەككەپ ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىرىككەن شەكلى، زەنجىرسىمان ئۈچ ھۆكۈملۈك شەكلى ۋە ئىسپاتلىق شەكىلدىكى مۇرەككەپ ئۈچ ھۆكۈملۈك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**22. مۇناسىۋەتلىكۈچى خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ**

قانداق ئاساسلىق تۈرلىرى بار؟

جاۋاب: مۇناسىۋەتلىكگوچى خۇلاسە دېگىنىمىز، مۇناسىۋەتلىگوچى هۆكۈمگە ئاساسلىنىپ يەنە بىر مۇناسىۋەتلىگوچى هۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسە بولۇپ، ئۇ ئاساس سانىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، ۋاستىلىك مۇناسىۋەتلىگوچى خۇلاسە ۋە ۋاستىسىز مۇناسىۋەتلىگوچى خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ۋاستىسىز مۇناسىۋەتلىگوچى خۇلاسە بىر مۇناسىۋەتلىگوچى هۆكۈمدىن يەنە بىر مۇناسىۋەتلىگوچى هۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

ۋاستىلىك مۇناسىۋەتلىگوچى خۇلاسە بولسا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇناسىۋەتلىگوچى هۆكۈمدىن يەنە بىر مۇناسىۋەتلىگوچى هۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

1. ھەنىپە شەرىپەدىن ئىككى ياش چوڭ.

دېمەك، شەرىپە ھەنىپىدىن ئىككى ياش كىچىك.

فورمۇلىسى: $$\frac{aRb}{\therefore bRa}$$

2. قاسىم هاشىم بىلەن بىقىن ئۆتىدۇ. هاشىم تۇرسۇن بىلەن يېقىن ئۆتىدۇ. ∴ تۇرسۇن قاسىم بىلەن يېقىن ئۆتۇشى مۇمكىن.

فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{c} a\ R\ b \\ \underline{b\ R\ c} \\ \therefore c\ R\ a \end{array}$$

# VI باب  خۇلاسه (2)

## قوشما هۆكۈملۈك خۇلاسه

**1. قوشما هۆكۈملۈك خۇلاسه دىگەن نىمه، ئۇ قايسى تۈرلەرگه بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: قوشما هۆكۈملۈك خۇلاسه دىگىنىمىز، ئاساسىي يەكۈنى قوشما هۆكۈمدىن بولغان هەمده ئاساس قىلىنغان قوشما هۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتىرىگه ئاساسەن يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسه بولۇپ، ئۇ تەركىبىدىكى قوشما هۆكۈمنىڭ قايسى خىل هۆكۈم ئىكەنلىكىگه قاراپ بىرلەشمه خۇلاسه، تاللانما خۇلاسه، شەرتلىك خۇلاسه ۋه تەڭقىس خۇلاسه دەپ تۆت تۈرگه بۆلۈنىدۇ.

**2. بىرلەشمه خۇلاسه دىگەن نىمه، ئۇنىڭ قانچه خىل شەكلى بار؟**

جاۋاب: بىرلەشمه خۇلاسه دىگىنىمىز، ئاساسى ياكى يەكۈنى بىرلەشمه هۆكۈم بولغان هەمده بىرلەشمه هۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتىرىگه ئاساسەن يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسه بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار.

1. ئايرىغۇچى شەكىل.

ئايرىغۇچى شەكىل — بىرلەشمه هۆكۈمنىڭ هەقىقىيلىكىدىن تارماق هۆكۈمنىڭ هەقىقىيلىكى يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان شەكىل.

مەسىلەن:

ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك قورۇلۇشنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى.

دېمەك، دېھقانلارمۇ سوتسىيالىستىك قورۇلۇشنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى.

فورمۇلىسى:

$$\frac{p \wedge q}{\therefore q} \text{ ياكى } \frac{p \wedge q}{\therefore p}$$

2. بىرىكتۈرگۈچى شەكىل.

بۇ، بىرلەشمە خۇلاسىنىڭ بىرىككەن شەكلى بولۇپ، تارماق ھۆكۈملەرنىڭ ھەقىقىيلىكىدىن بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىيلىكى يەكۈنلەپ چىقىرىدىغان شەكىلدۇر. مەسىلەن:

سان ئۇقۇمى رېئال دۇنيادىن كەلگەن.

سۈپەت ئۇقۇمى رېئال دۇنيادىن كەلگەن.

دېمەك، سان ئۇقۇمى ۋە سۈپەت ئۇقۇمى ئوخشاشلا رېئال دۇنيادىن كەلگەن.

فورمۇلىسى:

$$\frac{\begin{matrix} p \\ q \end{matrix}}{\therefore p \wedge q}$$

**3. تاللانما خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: تاللانما خۇلاسە دېگىنىمىز، بىر ئاساسى تاللانما ھۆكۈم، يەنە بىر ئاساسى بىلەن يەكۈنى كەسمە ھۆكۈم (خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم) بولغان ھەمدە ئاساس قىلىنغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرى بويىچە يەكۈن چىقىرىلىدىغان

خۇلاسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

پەلسەپە ئىكەن، ياكى ماتېرىيالىزم لاگېرىغا مەنسۇپ ياكى ئىدېئالىزم لاگېرىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

بۇ پەلسەپە ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ئەمەس.

∴ بۇ پەلسەپە ئىدېئالىستىك پەلسەپە.

تاللانما خۇلاسە ئۆزى ئاساس قىلغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ قايسى خىل تاللانما ھۆكۈم ئىكەنلىكىگە ئاساسەن سىغىشىدىغان تاللانما خۇلاسە ۋە سىغىشمايدىغان تاللانما خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**4. سىغىشمايدىغان تاللانما خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانچە خىل شەكىل ۋە قانچە قائىدىسى بار؟**

جاۋاب: سىغىشمايدىغان تاللانما خۇلاسە دېگىنىمىز، ئاساسلىرىنىڭ بىرى سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈم بولغان ھەمدە سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرى بويىچە يەكۈن چىقىرىلىدىغان تاللانما خۇلاسىدۇر. سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرىگە ئاساسەن بۇ خۇلاسىنىڭ مۇنداق ئىككى قائىدىسى كېلىپ چىقىدۇ.

1. بىر قىسىم تاللانمىلىرىنى ئىنكار قىلغاندا، يەكۈندە بىرلا تاللانمىسىنى تەستىقلاش كېرەك.

2. ئاساستا بىر تاللانمىسىنى تەستىقلىغاندا، يەكۈندە قالغان تاللانمىسىنى ئىنكار قىلىش كېرەك.

سىغىشمايدىغان تاللانما خۇلاسىنىڭ بۇ قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى خىل توغرا شەكلى شەكىللەنگەن.

1) تەستىق ئىنكار شەكلى: بۇ، ئاساستا بىر تاللانمىسىنى تەستىقلاش ئارقىلىق يەكۈندە قالغان تاللانمىسى ئىنكار قىلىدىغان

شەكىل. مەسىلەن:

ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ياكى ئەسلىدە بار بولىدۇ ياكى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.

ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.

شۇڭا، ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئەسلىدىن بار بولمايدۇ.

فورمۇلىسى:

ياكى p ياكى q

p

دېمەك q ئەمەس

ياكى

$$\frac{\frac{p \vee q}{p}}{\therefore \bar{q}}$$

2) ئىنكار تەستىق شەكلى: بۇ، ئاساستا تاللانما ھۆكۈمنىڭ بىر تاللانمىسىدىن باشقا تاللانمىسىنى ئىنكار قىلىپ، يەكۈندە قالغان بىر تاللانمىسى تەستىقلىنىدىغان شەكىلدۇر. مەسىلەن:

ياكى مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ ياكى ئاڭ مەۋجۇدىيەتنى بەلگىلەيدۇ.

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئاڭ مەۋجۇدىيەتنى بەلگىلىمەيدىغانلىقى ئىسپاتلىدى.

شۇڭا، مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ دەيمىز.

فورمۇلىسى:

ياكى p ياكى q

p ئەمەس

دېمەك q

ياكى

$$\frac{\frac{p \vee q}{\bar{p}}}{\therefore q}$$

### 5. سىغىشىدىغان تاللانما خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانداق قائىدە ۋە شەكلى بار؟

جاۋاب: سىغىشىدىغان تاللانما خۇلاسە دېگىنىمىز، بىر ئاساسى سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم بولغان ھەمدە سىغىشىدىغان تاللانما

ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىلىدىغان تاللانما خۇلاسىدۇر.

سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا، سىغىشىدىغان تاللانما خۇلاسىنىڭ مۇنداق ئىككى قائىدىسى شەكىللىنىدۇ.

1. مەلۇم تاللانمىسىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق، يەنە بىر قىسىم تاللانمىسىنى تەستىقلاشقا بولىدۇ.

2. مەلۇم تاللانمىسىنى تەستىقلاش ئارقىلىق يەنە بىر قىسىم تاللانمىسىنى خالىغانچە ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

بۇ قائىدىگە ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ بىرلا خىل توغرا شەكلى بار، يەنى ئىنكار تەستىقىي شەكلى بار.

فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{c} p \vee q \\ p \\ \hline \therefore q \end{array}$$

ياكى

ياكى p ياكى q

p ئەمەس

---

شۇڭا q

مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكى ياكى خام ماتېرىياللارنىڭ تېجەلمىگەنلىكىدىن، ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆستۈرۈلمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

مەلۇم زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكى خام ماتېرىياللارنى تېجىمىگەنلىكىدىن بولغان ئەمەس.

شۇڭا، ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆستۈرۈلمىگەنلىكىدىن بولغان.

**6. شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇ قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: شەرتلىك خۇلاسە دېگىنىمىز، ئاساسلىرىدىن كەم

دېگەندە بىرى شەرتلىك ھۆكۈم بولغان ھەمدە ئاساس قىلىنغان شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ شەرت بۆلىكى بىلەن نەتىجە بۆلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

شەرتلىك خۇلاسە ئاساسلىرىدىن بىرلا ئاساسىنىڭ شەرتلىك ھۆكۈم ياكى ئاساس ۋە يەكۈنىنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرتلىك ھۆكۈم ئىكەنلىكىگە قاراپ، شەرتلىك كەسمە خۇلاسە ۋە ساپ شەرتلىك خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

شەرتلىك كەسمە خۇلاسە ئاساس قىلىنغان شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈملۈك شەرتلىك كەسمە خۇلاسە، زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈملۈك شەرتلىك كەسمە خۇلاسە، ھەم يېتەرلىك، ھەم زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈملۈك شەرتلىك كەسمە خۇلاسە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ساپ شەرتلىك خۇلاسە خۇلاسە تەركىبىدىكى شەرتلىك ھۆكۈمگە قاراپ، يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈملۈك ساپ شەرتلىك خۇلاسە، زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈملۈك ساپ شەرتلىك خۇلاسە ۋە ئارىلاش ھۆكۈملۈك ساپ شەرتلىك خۇلاسە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 7. شەرتلىك كەسمە خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شەرتلىك كەسمە خۇلاسە دېگىنىمىز، بىر ئاساسى شەرتلىك ھۆكۈم يەنە بىر ئاساسى بىلەن يەكۈنى خاراكتېرلىگۈچى (كەسمە) ھۆكۈم بولغان خۇلاسىدۇر. شەرتلىك كەسمە خۇلاسە، ئادەتتە شەرتلىك خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، بىز تۆۋەندە بۇ خىل خۇلاسىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنىمۇ قىسقارتىپ ئاتايمىز.

### 8. يېتەرلىك شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىر ئاساسى يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈم يەنە بىر ئاساسى

بىلەن يەكۇنى كەسمە ھۆكۈم بولغان ھەمدە يىپتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىلىدىغان شەرتلىك خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

مىتال سۈركەلسە قىزىيدۇ.

بۇ مىتال سۈركەلدى.

شۇندىلىق ئىكەن، بۇ مىتال قىزىدى.

يېتەرلىك شەرتلىك خۇلاسىنىڭ ئىككى خىل قائىدىسى بار:

1. شەرت بۆلىكى تەستىقلانسا، نەتىجە بۆلىكىمۇ تەستىقلىنىشى؛ نەتىجە بۆلىكى ئىنكار قىلىنسا، شەرت بۆلىكىمۇ ئىنكار قىلىنىشى كېرەك.

2. شەرت بۆلىكىنى ئىنكار قىلغاندا، نەتىجە بۆلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. نەتىجە بۆلىكىنى تەستىقلىغاندا، شەرت بۆلىكىنى تەستىقلىغىلى بولمايدۇ.

بۇ ئىككى خىل قائىدىگە ئاساسەن بۇ خۇلاسىنىڭ مۇنداق ئىككى خىل توغرا شەكلى ۋە ئىككى خىل خاتا شەكلى ھاسىل بولىدۇ.

توغرا شەكىللىرى:

1) شەرت بۆلىكى تەستىقلانغان شەكلى.

بۇ، ئاساستا شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ شەرت بۆلىكى، يەكۈندە بولسا شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ نەتىجە بۆلىكى تەستىقلىنىدىغان شەكىل.

مەسىلەن:

باھار كەلسە گۈللەر ئېچىلىدۇ.

باھار كەلدى،

دېمەك، گۈللەر ئېچىلدى.

فورمۇلىسى:

$$\frac{\begin{array}{c} p \rightarrow q \\ p \end{array}}{\therefore q}$$

2) نەتىجە بۆلىكى ئىنكار قىلىنغان شەكلى.

بۇ خىل شەكىل، ئاساستا شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ نەتىجە بۆلىكى، يەكۈندە بولسا شەرت بۆلىكى ئىنكار قىلىنىدىغان شەكىل. مەسىلەن: يامغۇر ياغسا يەر ھۆل بولىدۇ.

يەر ھۆل بولمىغان.

دېمەك، يامغۇر ياغمىغان.

فورمۇلىسى:

$$\frac{\begin{array}{c} p \rightarrow q \\ q \end{array}}{\therefore p}$$

خاتا شەكلى:

1) شەرت بۆلىكىنى ئىنكار قىلىپ نەتىجە بۆلىكىنىمۇ ئىنكار قىلغان شەكىل. مەسىلەن:

يامغۇر ياغسا يەر ھۆل بولىدۇ.

بۈگۈن يامغۇر ياغمىدى.

شۇڭا، بۈگۈن يەر ھۆل ئەمەس.

فورمۇلىسى:

$$\frac{\begin{array}{c} p \rightarrow q \\ p \end{array}}{\therefore q}$$

2) نەتىجە بۆلىكىنى تەستىقلاش ئارقىلىق شەرت بۆلىكى تەستىقلانغان شەكىل. مەسىلەن:

مىتال سۈركەلسە قىزىيدۇ.

بۇ مىتال قىزىق تۇرىدۇ.

دېمەك، بۇ مىتال جەزمەن سۈركەلگەن.

فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{c} p \rightarrow q \\ \underline{q} \\ \therefore p \end{array}$$

**9. زۆرۈر شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانداق قائىدە ۋە توغرا شەكىللىرى بار؟**

جاۋاب: زۆرۈر شەرتلىك خۇلاسە دېگىنىمىز، بىر ئاساس زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم، يەنە بىر ئاساس بىلەن يەكۈن كەسمە ھۆكۈم بولغان ھەمدە زۆرۈر، شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرى بويىچە يەكۈن چىقىرىلىدىغان شەرتلىك خۇلاسىدۇر.

بۇ خىل خۇلاسىنىڭمۇ ئىككى قائىدىسى بار.

1. شەرت بۆلەكنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق نەتىجە بۆلەكنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. نەتىجە بۆلەكنى تەستىقلىغاندا شەرت بۆلىكىنىمۇ تەستىقلاشقا بولىدۇ.

2. شەرت بۆلەكنى تەستىقلاش ئارقىلىق نەتىجە بۆلەكنى تەستىقلاشقا بولمايدۇ، نەتىجە بۆلەكنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق شەرت بۆلەكنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

بۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىككى خىل توغرا، ئىككى خىل خاتا شەكىل ھاسىل بولىدۇ.

توغرا شەكىل:

1) شەرت بۆلىكى ئىنكار قىلىنغان شەكىل.

مەسىلەن:

ئاپتومبىلنىڭ مېيى بولغاندىلا ئاپتومبىل ماڭىدۇ.

بۇ ئاپتومبىلنىڭ پەقەت مېيى يوق.

شۇڭا، بۇ ئاپتومبىل ماڭمايدۇ.

فورمۇلىسى:

$$\frac{\begin{matrix} p \leftarrow q \\ p \end{matrix}}{\therefore q}$$

2) نەتىجە بۆلىكى تەستىقلانغان شەكىل.

مەسىلەن:

تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

سەمەتنىڭ ھەممە پەندىكى نەتىجىسى ئەلا بولغان.

دېمەك، سەمەت تىرىشىپ ئۆگەنگەن.

فورمۇلىسى:

$$\frac{\begin{matrix} p \leftarrow q \therefore \\ q \end{matrix}}{p}$$

خاتا شەكىل:

1) شەرت بۆلەكنى تەستىقلاش ئارقىلىق نەتىجە بۆلەكنى تەستىقلىغان شەكىل.

مەسىلەن:

سۇ يېتەرلىك بولغاندىلا زىرائەتتىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

بۇ يىل سۇ يېتەرلىك بولدى.

دېمەك، زىرائەتتىن چوقۇم ياخشى ھوسۇل ئېلىنىدۇ. بۇ شەكىلنىڭ فورمۇلىسى:

$$\frac{\begin{matrix} p \leftarrow q \\ p \end{matrix}}{\therefore q}$$

2) نەتىجە بۆلەكنى ئىنكار قىلىپ شەرت بۆلەكنىمۇ ئىنكار قىلغان شەكىل.

مەسىلەن:

سۇ يېتەرلىك بولغاندىلا ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.
بۇ يەردىن دېھقانلار ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالالمىغان.
شۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ يەردە جەزمەن سۇ يېتەرلىك بولمىغان.

فورمۇلىسى: $\frac{p \leftarrow q}{\frac{q}{\therefore p}}$ ياكى $\frac{\text{بولمايدۇ q بولمىسا p}}{\frac{\text{بولمىغان q}}{\text{دېمەك p بولمىغان}}}$

**10. يېتەرلىك زۆرۈرىي شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە، قانداق قائىدە ۋە شەكىللىرى بار؟**

جاۋاب: يېتەرلىك زۆرۈرىي شەرتلىك خۇلاسە دېگىنىمىز، بىر ئاساسى يېتەرلىك زۆرۈرىي شەرتلىك ھۆكۈم، يەنە بىر ئاساسى بىلەن يەكۈنى كەسمە ھۆكۈم بولغان ھەمدە ئاساس قىلىنغان شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

بۇ خىل خۇلاسىنىڭ ئىككى تۈرلۈك قائىدىسى بار.

1. شەرت بۆلەكنى تەستىقلاش ئارقىلىق نەتىجە بۆلىكىنى تەستىقلىغىلى بولىدۇ. شەرت بۆلەكنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق نەتىجە بۆلەكنى ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ.

2. نەتىجە بۆلەكنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق شەرت بۆلەكنى ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. نەتىجە بۆلەكنى تەستىقلاش ئارقىلىق شەرت بۆلەكنى تەستىقلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەرەپلىرى تەڭ بولغاندىلا، بۇلۇڭلىرى تەڭ بولىدۇ.

بۇ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەرەپلىرى تەپمۇتەڭ.

شۇڭا، بۇ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ بۇلۇڭلىرىمۇ جەزمەن تەڭ.

بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەرەپلىرى تەڭ، بۇلۇڭلىرىمۇ تەڭ. تەرەپلەر تەڭ ئەمەس، بۇلۇڭلارمۇ تەڭ ئەمەس. بۇلۇڭلار تەڭ ئىكەن تەرەپلەر جەزمەن تەڭ. شۇڭا، بۇ خىل

خۇلاسىدىن: شەرت بۆلىكى تەستىقلانغان شەكىل، شەرت بۆلىكى ئىنكار قىلىنغان شەكىل ۋە نەتىجە بۆلىكى تەستىقلانغان شەكىل، نەتىجە بۆلىكى ئىنكار قىلىنغان شەكىل دەپ تۆت خىل شەكىل ھاسىل بولىدۇ. بۇنى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلىسەك:

$$① \frac{p \leftrightarrow q \quad p}{\therefore q} \qquad ② \frac{p \leftrightarrow q \quad p}{\therefore q}$$

$$③ \frac{p \leftrightarrow q \quad q}{\therefore p} \qquad ④ \frac{p \leftrightarrow q \quad q}{\therefore p}$$

## 11. ساپ شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ساپ شەرتلىك خۇلاسە دېگىنىمىز، ئاساسلىرى ۋە يەكۇنى بىردەك شەرتلىك ھۆكۈم بولغان خۇلاسىدۇر.

ساپ شەرتلىك خۇلاسىدىكى ئالاھىدىلىك:

1. ئالدىنقى ئاساسنىڭ نەتىجە بۆلىكى كېيىنكى ئاساسنىڭ شەرت بۆلىكى قىلىنىدۇ.

2. ئاساسلىرىنىڭ سانى مۇقىم بولمايدۇ. يەنى ئاساسى ئىككى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۈچ ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## 12. يېتەرلىك ساپ شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يېتەرلىك ساپ شەرتلىك خۇلاسە دېگىنىمىز، ئاساسلىرى ۋە يەكۇنى بىردەك يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈمدىن بولغان شەرتلىك خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

سازلىققا ئېۋىگاتىل دەرىخى تىكىلسە، سازلىقتىكى زەيىنى تۇگەتكىلى بولىدۇ.

سازلىقتا زەي تۆگىتىلسە، بەزگەك پاشا لىچىنكىسىنى تۆگەتكىلى بولىدۇ.

بەزگەك پاشا لىچىنكىسى تۆگىتىلسە، بەزگەك پاشىنى تۆگەتكىلى بولىدۇ.

بەزگەك پاشىسى تۆگىتىلسە، بەزگەك كېسىلىنى تۆگەتكىلى بولىدۇ.

دېمەك، سازلىققا ئۆتۈگاتىل دەرىجى تىككىلسە، بەزگەك كېسىلىنى تۆگەتكىلى بولىدۇ.

فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{lcl} P & \rightarrow & r \\ r & \rightarrow & r_1 \\ r_1 & \rightarrow & r_2 \\ r_2 & \rightarrow & q \\ \hline \therefore p & \rightarrow & q \end{array}$$

## 13. زۆرۈرىي ساپ شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زۆرۈرىي ساپ شەرتلىك خۇلاسە دېگىنىمىز، ئاساسلىرى ۋە يەكۇنى پۈتۈنلەي زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم بولغان خۇلاسىدۇر.

مەسىلەن:

تىرىشىپ ئۆگەنمىگۈچە ئىلىم ـ پەننىڭ ئىگىسى بولغىلى بولمايدۇ.

ئىلىم ـ پەننىڭ ئىگىسى بولمۇغۇچە، قارىغۇلارچە قوماندانلىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، تىرىشىپ ئۆگەنمىگۈچە، قارىغۇلارچە قوماندانلىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{lcl} p & \leftarrow & r \\ r & \leftarrow & q \\ \hline \therefore p & \leftarrow & q \end{array}$$

## 14. ئارىلاشما شەرتلىك خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئارىلاشما شەرتلىك خۇلاسە دېگىنىمىز، ئاساسلىرى ۋە يەكۇنى ئوخشاش بولمىغان شەرتلىك ھۆكۈملەردىن بولغان ساپ شەرتلىك خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

ئاي ھەرىكەتلىنىپ يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلگەندە، يەر شارىنىڭ مەلۇم قىسمىدا كۈن تۇتۇلىدۇ.

ئەگەر يەر شارىدا كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى يۈز بەرسە، كىشىلەرنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ھازىرلىنىدۇ.

دېمەك، ئاي ھەرىكەتلىنىپ يەر شارى بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

بۇ خۇلاسىدىكى بىرىنچى ھۆكۈم يېتەرلىك - زۆرۈرىي شەرتلىك ھۆكۈم. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھۆكۈم يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈمدۇر.

فورمۇلىسى:

$$\begin{array}{c} p \leftrightarrow r \\ \underline{r \rightarrow q} \\ \therefore p \rightarrow q \end{array}$$

## 15. تەڭقىس خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانچە خىل شەكلى بار؟

جاۋاب: تەڭقىس خۇلاسە دېگىنىمىز، ئاساسلىرىدىن ئىككىسى شەرتلىك ھۆكۈم، يەنە بىر ئاساسى ئىككى تاللانمىلىق تاللانما ھۆكۈم

بولغان، ئۈچ قوشما ھۆكۈمنى ئاساس قىلىپ يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

1. ئەگەر تىزگىننى ئوڭغا تارتساڭ ھارۋا سۈنىدۇ.
ئەگەر تىزگىننى سولغا تارتساڭ ئات ئۆلىدۇ.
تىزگىننى ياكى ئۇ ياققا تارتىش كېرەك، ياكى بۇ ياققا تارتىش كېرەك.

دېمەك، بەزىبىر زىياندىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

2. ئەگەر سىز چىرايلىقچە رازىلىق بەرسىڭىز، چىرايلىق خوشلىشىپ بۇ سەپەرگە ماڭىمەن.
ئەگەر سىز چىرايلىقچە رازىلىق بەرمىسىڭىزمۇ بۇ سەپەرگە ماڭىمەن.
سىز ياكى چىرايلىقچە رازىلىق بېرىڭ ياكى جاھىللىق قىلىپ رازىلىق بەرمەڭ.

دېمەك، مەن بەربىر بۇ سەپەرگە ماڭىمەن.

فورمۇلىسى: ئەگەر p بولسا q بولىدۇ
ئەگەر غەيرىي p بولسىمۇ q بولىدۇ، يەنى:
p ياكى غەيرىي q
∴ ئاقىۋەت q

تەڭقىس خۇلاسىنىڭ مۇنداق تۆت خىل شەكلى بار. يەنى ئاددىي تەستىقىي شەكلى، ئاددىي ئىنكار شەكلى، مۇرەككەپ تەستىقىي شەكلى ۋە مۇرەككەپ ئىنكار شەكلى دېگەندىن ئىبارەت.

تەڭقىس خۇلاسىمۇ كىشىلەر پىكىر قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان خۇلاسە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئەرزىيدۇ.

# VII باب  يىغما خۇلاسە

**1. يىغما خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟**

جاۋاب: يىغما خۇلاسە دېگىنىمىز، ئايرىملىق توغرىسىدىكى ياكى ئومۇمىيلىق خاراكتېرى كىچىكرەك بولغان بىلىملەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىككىدىن ئارتۇق ھۆكۈملەرنى ئاساس قىلىپ ئومۇمىيلىق توغرىسىدىكى ياكى ئومۇمىيلىق خاراكتېرى چوڭراق بولغان ھۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، يىغما خۇلاسە دېگىنىمىز: ئايرىملىق توغرىسىدىكى بىلىملەردىن ئومۇمىيلىق توغرىسىدىكى بىلىم يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستلار روھ ماددىدىن بۇرۇن دەپ قارايدۇ.

ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستلار روھ ماددىدىن بۇرۇن دەپ قارايدۇ.

ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستلار ۋە سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستلار ئوخشاشلا ئىدېئالىستلاردۇر.

دېمەك، بارلىق ئىدېئالىستلار روھ ماددىدىن بۇرۇن دەپ قارايدۇ.

يىغما خۇلاسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ يەكۈنى مۇقەررەرلىككە ئىگە بولماستىن، ئېھتىماللىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى ھەقىقىي بولغان بىلەنمۇ، يەكۈنىنىڭ ھەقىقىي بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، يىغما خۇلاسە ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىق يەكۈنلەپ

چىقىرىلىدىغان خۇلاسە بولغاچقا، ئۇنىڭ يەكۈنىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئەھۋال ئاساسلاردا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئەھۋالدىن ھالقىپ كېتىدۇ. شۇڭا، يىغما خۇلاسىنىڭ ئاساسى بىلەن يەكۈنى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولماستىن، ئېھتىماللىق باغلىنىش بولىدۇ.

## 2. يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسە ھەم ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق ھەم ئۆزئارا پەرقلىق بولغان ئىككى خىل خۇلاسە شەكلى.

زىچ باغلىنىشلىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، يەشمە خۇلاسە يىغما خۇلاسىنى ئاساس قىلىدۇ. يىغما خۇلاسە يەشمە خۇلاسىنى يېتەكچى قىلىدۇ. يەنى يىغما خۇلاسە يەشمە خۇلاسىنى ئۆزىگە يېتەكچى نەزەرىيە قىلىدۇ. بۇ ئىككى خۇلاسە تەپەككۇر پائالىيىتىدە بىر - بىرىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلىدۇ.

ئۆزئارا پەرقلىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، خۇلاسە يۆنىلىشى ئوخشاشمايدۇ. ئىككىنچىدىن، يەشمە خۇلاسىدە يەكۈندە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋال ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋالدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. يىغما خۇلاسىدە بولسا ھالقىپ كېتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يەشمە خۇلاسىنىڭ ئاساسى بىلەن يەكۈنى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولىدۇ. يىغما خۇلاسىدە تولۇق يىغما خۇلاسىدىن باشقا يىغما خۇلاسىلەرنىڭ ئاساسىي بىلەن يەكۈنى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەرلىك ئەمەس بەلكى ئېھتىماللىق باغلىنىش بولىدۇ.

يىغما خۇلاسە يەكۈنىنىڭ ئېھتىماللىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ھەمدە بىر تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ تولۇق تەكشۈرۈلگەن -

تەكشۈرۈلمىگەنلىكىگە ئاساسەن، تولۇق يىغما خۇلاسە ۋە تولۇقسىز يىغما خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ تولۇقسىز يىغما خۇلاسە ئىلمىي يىغما خۇلاسە ۋە ئاددىي يىغما خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 3. تولۇق يىغما خۇلاسە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى قايسى؟

جاۋاب: تولۇق يىغما خۇلاسە دېگىنىمىز، مەلۇم بىر تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەربىر يەككىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۇ تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان ئومۇمىي بىلىم خاراكتېرلىك يەكۈن كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يىغما خۇلاسىدۇر. مەسىلەن:

ئاسىيا قىتئەسىدە كان بايلىقى بار.
ياۋروپا قىتئەسىدە كان بايلىقى بار.
ئافرىقا قىتئەسىدە كان بايلىقى بار.
جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە كان بايلىقى بار.
شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە كان بايلىقى بار.
ئوكيانىيە قىتئەسىدە كان بايلىقى بار.
ئانتراكتىكا قىتئەسىدە كان بايلىقى بار.
يەر شارىدا مۇشۇ يەتتە قىتئە بار.

∴ يەر شارىدىكى ھەممە قىتئەدە كان بايلىقى بار.

فورمۇلىسى:

$$P - S_1$$
$$P - S_2$$
$$P - S_3$$
$$\cdots\cdots$$
$$P - S_n$$

$S_1, S_2, S_3 \cdots\cdots S_n$ لار $S$ تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەممىسى

∴ ھەممە $S - P$ دۇر

مانا بۇ تولۇق بىر يىغما خۇلاسىنىڭ مىسالى ۋە فورمۇلىسى.

تولۇق يىغما خۇلاسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەربىر يەككىسى تولۇق تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن شۇ تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق يەكۈن چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدا، ئاساستا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئوبيېكت دائىرىسى يەكۈندە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئوبيېكت دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، تولۇق يىغما خۇلاسىنىڭ يەكۈنى مۇقەررەرلىككە ئىگە بولىدۇ.

تولۇق يىغما خۇلاسىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى رولى خېلى زور. ئۇ كىشىلەرنى ئاساسلىرىدا ئايرىملىق توغرىسىدىكى بىلىملەر بىلەن، يەكۈندە بولسا ئومۇمىيلىق توغرىسىدىكى بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ يەنە ئىسپاتلاش رولىغىمۇ ئىگە.

**4. تولۇقسىز يىغما خۇلاسە دېگەن نېمە، مىسال ۋە شەكىل بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.**

جاۋاب: تولۇقسىز يىغما خۇلاسە دېگىنىمىز، بىر تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۇ بىر تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان يىغما خۇلاسە شەكلىدۇر. مەسىلەن:

يەر شارى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

ئاي شارى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

يەر شارى ۋە ئاي شارى، قۇياش سىستېمىسىدىكى ئاسمان جىسىملىرى.

شۇڭا، قۇياش سىستېمىسىدىكى ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

قىسمەن يىغما خۇلاسىنىڭ يەكۈندىكى ئوبيېكت دائىرىسى

ئاساسىكى ئوبيېكتنىڭ دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بولغاچقا يەكۈن مۇقەررەرلىككە ئىگە بولمايدۇ.

فورمۇلىسى:

$$P - S_1$$
$$P - S_2$$
$$P - S_3$$
$$\cdots\cdots\cdots\cdots$$
$$P - S_n$$

$S_1$، $S_2$، $S_3$……$S_n$ لار S تۈرىدىكى ئوبيېكتقا تەۋە

شۇنداق ئىكەن، ھەممە S — P دۇر

**5. ئاددىي مىساللىق يىغما خۇلاسە دېگەن نېمە، مىسال ۋە شەكىل بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.**

جاۋاب: ئاددىي مىساللىق يىغما خۇلاسە دېگىنىمىز، بىر تۈرگە تەۋە بولغان ئوبيېكتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ زىت ئەھۋالنىڭ ئۇچرىمىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ شۇ تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئومۇمىي يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقىرىلىدىغان يىغما خۇلاسە شەكلىدۇر. مەسىلەن، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن تەمسىللەرگە قاراپ باقايلى:

1) ھەممە قۇش ئۇچالايدۇ.

2) توخۇ كاتەككە كىرگىلى ئۇنىمىسا، قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ.

3) ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

4) تۇخۇم ئاق بولىدۇ.

مانا بۇ تۆت مىسالنىڭ ھەممىسىلا ئاددىي مىساللىق يىغما خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى تۆۋەن بولغان يەكۈنلىرى.

ئاددىي مىساللىق يىغما خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى تۆۋەن

بولسمۇ، بىراق بۇ خىل خۇلاسىنىڭ رولىغا يەنىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا تايىنىپ دەسلەپكى پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى يېڭى بىر تېما بىلەن تەمىنلەپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئاددىي مىساللىق يىغما خۇلاسىنىڭ يەكۇنىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىر تۈرگە تەۋە ئوبيېكت ئىچىدىكى كۆزىتىلىدىغان ئوبيېكت سانىنى كۆپەيتىش، كۆزىتىلىدىغان دائىرىنى كېڭەيتىش، كۆزىتىلىدىغان ئوبيېكت بەلگىسىنىڭ قانچىكى ماھىيەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

### 6. ئىلمىي يىغما خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىلمىي يىغما خۇلاسە دېگىنىمىز، تەتقىقات ۋە تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىر تۈرگە تەۋە بولغان بىر قىسىم ئوبيېكت ئەھۋالىنى كۆزىتىش بىلەن بىرگە ھەربىر ئەھۋال ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق ئومۇمىيلىققا ئىگە بىر يەكۇن خۇلاسىلەپ چىقىرىلىدىغان يىغما خۇلاسىدۇر.

مەسىلەن:

تۆمۈر قىزدۇرۇلسا ھەجىمى كېڭىيىدۇ.

مىس قىزدۇرۇلسا ھەجىمى كېڭىيىدۇ.

كۈمۈش قىزىسا ھەجىمى كېڭىيىدۇ.

ئالتۇن قىزىسا ھەجىمى كېڭىيىدۇ.

ئۇلار قىزدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مولېكۇلىلىرىنىڭ ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ. ئۆزئۆشقاقلىقى ئاجىزلىشىدۇ، مولېكۇلىلار ئارىلىقى يىراقلىشىدۇ. تۆمۈر، كۈمۈش، مىس، ئالتۇن قاتارلىقلار

بولسا مىتال.

شۇڭا، ھەرقانداق مىتال قىزدۇرۇلسا ھەجىمى كېڭىيىدۇ.

فورمۇلىسى:

$$P - S_1$$
$$P - S_2$$
$$P - S_3$$
$$\cdots\cdots\cdots\cdots$$
$$P - S_n$$

$S_1$، $S_2$، $S_3$……$S_n$ لار S تۈرگە تەۋە ھەمدە S نىڭ P بولۇشىنى مەلۇم سەۋەب ـ نەتىجە بەلگىلىگەن. شۇڭا، ھەممە S — P دۇر.

ئاددىي مىساللىق يىغما خۇلاسە بىلەن ئىلمىي يىغما خۇلاسىنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى: ھەر ئىككىسى تەۋەلىك جەھەتتە تولۇقسىز يىغما خۇلاسە، ئىككىلىسىدە بىر تۈردىكى ئوبيېكتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق يەكۈن چىقىرىلىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ يەكۈنى ئېھتىماللىقتا ئىگە.

ئاددىي يىغما خۇلاسە بىلەن ئىلمىي يىغما خۇلاسىنىڭ پەرقى شۇكى: يەكۈن چىقىرىشتىكى ئاساس ئوخشاشمايدۇ. بىرى، ئالدىغا زىت ئەھۋالنىڭ ئۇچرىماسلىقىنى ئاساس قىلىپ يەكۈن چىقىرىدۇ؛ يەنە بىرى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ.

### 7. سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى دېگىنىمىز، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار ھادىسىلەردىن مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى يەنە بىر ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇقەررەر ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت.

ئىلمىي يىغما خۇلاسىدىن پايدىلىنىشتا، ئوبيېكتلار ھەققىدىكى يېڭى بىلىملەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتە، ئوبيېكتلارنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە

مۇناسىۋىتىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق نەتىجىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

سەۋەب دېگىنىمىز — ئالدىن پەيدا بولغان (كېيىنكى ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان) ھادىسىدۇر.

نەتىجە بولسا كېيىن پەيدا بولغان (ئالدىن پەيدا بولغان ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن كېلىپ چىققان) ھادىسىدۇر. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئەلۋەتتە سەۋەب بۇرۇن، نەتىجە كېيىن بولىدۇ.

## 8. سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىزدەشنىڭ قانداق لوگىكىلىق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: ئەنئەنىۋى لوگىكىغا ئاساسلانغاندا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىزدەشنىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك ئۇسۇلى بار. يەنى ئورتاقلىقلىغۇچى ئۇسۇل، پەرقلەنگۈچى ئۇسۇل، ئورتاقلىغۇچى ـ پەرقلەنگۈچى ئۇسۇل، تەڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى ۋە قالدۇقىدىن ئىزدەش ئۇسۇلى.

## 9. ئورتاقلىغۇچى ئۇسۇل دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئورتاقلىغۇچى ئۇسۇل دېگىنىمىز، تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسە يۈز بەرگەن بىرقانچە سورۇندىكى ئەھۋالدىن پەقەت بىرلا ئەھۋال ئاشۇ سورۇنلار ئۈچۈن ئورتاق بولسا، مانا شۇ ئەھۋال تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بولىدۇ، بۇ خىل ئىزدىنىش جەريانى ئورتاقلىغۇچى ئۇسۇل دەپ ئاتىلىدۇ.

ئورتاقلىغۇچى ئۇسۇل فورمۇلا ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ.

| سورۇن | ئالدىن (ياكى كېيىن) يۈز بەرگەن ئەھۋال | تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسە |
| --- | --- | --- |
| (1) | C,B,A | a |
| (2) | E,D,A | a |
| (3) | G,F,A | a |

شۇڭا، A ئەھۋال، a ھادىسىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى.

مەسىلەن، كىشىلەر پوخاق كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن پوخاق كېسىلى كەڭ تارقالغان ئون نەچچە رايوننى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئاھالىسى، ھاۋاسى، مىللىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش ئەمەسلىكى، بىراق بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسىدىكى ئوخشاش ئەھۋال: توپىسى بىلەن سۇيىدە يود ماددىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن توپىسى ۋە سۇيىدە يود ماددىسىنىڭ بولماسلىقى پوخاق كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىردىنبىر سەۋەب دېگەن يەكۈننى چىقارغان. شۇنداق قىلىپ ئىچىملىك سۇ ۋە ئاش تۇزىغا يود قوشۇپ ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق بۇ رايونلاردىكى پوخاق كېسىلى تۈگىتىلگەن.

ئورتاقلىغۇچى ئۇسۇلدىن پايدىلانغاندا تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرى، ھەرقايسى سورۇنلاردا باشقىچە بىرەر ئورتاق ئەھۋال يوشۇرۇنۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. يەنە بىرى، سېلىشتۇرۇلىدىغان سورۇننىڭ كۆپرەك بولۇشى ئۈچۈن ئىزدىنىش كېرەك.

## 10. پەرقلىگۈچى ئۇسۇل دىگەن نىمە؟

جاۋاب: پەرقلىگۈچى ئۇسۇل دىگىنىمىز، تەتقىق قىلىنىۋاتقان هادىسە يۈز بەرگەن سورۇن بىلەن هادىسە يۈز بەرمىگەن سورۇن ئوتتۇرىسىدا باشقا ئەھۋاللار ئوخشاش، پەقەت بىرلا خىل ئەھۋال ئوخشاش بولمىسا، يەنى شۇ ئەھۋال بار، هادىسىمۇ بار؛ شۇ ئەھۋال يوق، هادىسىمۇ يوق بولغان بولسا، شۇ ئەھۋال شۇ هادىسىنىڭ سەۋەبى دەپ يەكۈنلىنىدىغان ئۇسۇلدۇر.

مەسىلەن، بىكىرل سۇرەت تارتىش لىنتىسىنى نۇر ئۆتكۈزمەيدىغان قارا قەغەزگە ئوراپ تەجرىبىخانىسىدىكى ئىشكاپقا سېلىپ قويۇپتۇ. ئىشكاپتا باشقا نەرسىلەر بار ئىكەن، كېيىن قارىسا لىنتىغا نۇر ئۆتۈپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ ئىشكاپتا بار نەرسىنىڭ هەر بىرىنى ئايرىم - ئايرىم نۇر ئۆتمەيدىغان قەغەزگە ئورالغان لىنتا بىلەن قويۇپ سىناق قىلسا كالىيلىق سۇلفات كىسلاتالىق تۇزى بىلەن بىرگە قويغان لىنتىگە نۇر ئۆتۈپ، باشقا نەرسىلەر بىلەن بىرگە قويغان لىنتىغا نۇر ئۆتمىگەن. شۇنىڭ بىلەن كالىيلىق سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن لىنتا بىرگە تۇرسا لىنتىغا نۇر ئۆتۈپ قالىدۇ دىگەن يەكۈننى چىقارغان. فورمۇلىسى مۇنداق:

| سورۇن | ئالدىن يۈز بەرگەن ئەھۋال | تەتقىق قىلىنىۋاتقان هادىسە |
|---|---|---|
| (1) | C,B,A | a |
| (2) | C,B,— | — |
| (3) | C,—,A | a |

شۇڭا، A ئەھۋال a هادىسىنىڭ سەۋەبى

**11. ئورتاقلىغۇچى - پەرقلىگۈچى ئۇسۇل دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئورتاقلىغۇچى - پەرقلىگۈچى ئۇسۇل ئورتاقلىغۇچى ئۇسۇل بىلەن پەرقلىگۈچى ئۇسۇلنى تەڭ قوللىنىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق بولىدۇ. ئىككى گۇرۇپپا ئەھۋالدىن بىرسى تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسە يۈز بەرگەن سورۇن، يەنە بىرسى تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسە يۈز بەرمىگەن سورۇن بولىدۇ. ئالدىنقىسى مۇسپىي مىساللار گۇرۇپپىسى، كېيىنكىسى مەنپىي مىساللار گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسپىي مىساللار گۇرۇپپىسىدا بىرلا ئەھۋال ھەرقايسى گۇرۇپپىلا ئۈچۈن ئورتاق بولسا، بۇ ئەھۋال مەنپىي مىساللار گۇرۇپپىسىدىكى ھەرقايسى سورۇنلاردا مەۋجۇت بولماسلىق بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسىمۇ يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇنداقتا شۇ ئەھۋالنى شۇ ھادىسىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى قىلىپ يەكۈن چىقىرىلىدىغان ئۇسۇلدۇر. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

| سورۇن | ئالدىن يۈز بەرگەن ھادىسە | تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسە | |
|---|---|---|---|
| (1) | B,A,C | a | مىساللار مۇسپىي گۇرۇپپىسى |
| (2) | F,D,A | a | |
| (3) | G,E,A | a | |
| ...... | ...... | ...... | |
| — (1) | F,C,B | — | مىساللار مەنپىي گۇرۇپپىسى |
| — (2) | G,E,D | — | |
| — (3) | C,F,E | — | |
| ...... | ...... | ...... | |

شۇڭا، A ئەھۋال a ھادىسىنىڭ سەۋەبى

**12. تەڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تەڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، تەتقىق

قىلىنىۋاتقان ھادىسە ئۆزگىرىۋاتقان بىرقانچە سورۇنلاردا پەقەت بىرلا خىل ئەھۋال ئۆزگىرىپ باشقا ئەھۋاللار ئۆزگەرمىگەن بولسا، شۇ ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋال تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىدىغان ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن،

مەلۇم يېزا ئىگىلىك تەتقىقات ئورنى كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئوغۇت مىقدارى كۆپەيسە ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭمۇ كۆپەيگەنلىكى، ئوغۇت مىقدارى ئازايسا، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭمۇ ئازايغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇنى تەڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلىنىڭ فورمۇلىسى بىلەن تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىمىز:

| سورۇن | ئالدىن يۈز بەرگەن ھادىسە | | تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسە | |
|---|---|---|---|---|
| (1) | 15Kg | $D,C,B,A_1$ | $a_1$ | 600Kg |
| (2) | 20Kg | $D,C,B,A_2$ | $a_2$ | 700Kg |
| (3) | 25Kg | $D,C,B,A_3$ | $a_3$ | 800Kg |

شۇڭا، A ئەھۋال a ھادىسىنىڭ سەۋەبى

## 13. قالدۇقىدىن بىلىش ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قالدۇقىدىن بىلىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، تەتقىق قىلىنىۋاتقان مەلۇم ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشتە ئەگەر تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھادىسە يەنە بىر قاتار ھادىسىلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولسا ھەم مۇشۇ بىرىككەن ھادىسىنىڭ قالدۇق قىسمى ئاشۇ بىرىككەن ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان بېرىككەن ئەھۋالنىڭ بىر قىسمىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، ئۇ ھالدا، شۇ بېرىككەن ئەھۋالدىن قېپقالغان ئەھۋال شۇ قالدۇق ھادىسىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان ئۇسۇلدۇر.

قالدۇقىدىن ئىزدەش ئۇسۇلىنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

تەتقىق قىلىنىۋاتقان بىرىككەن ھادىسىلەر a، b، c، d بولۇپ، بۇ ھادىسىلەر بىرىككەن ئەھۋال A، B، C، D لارنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭدا:

A بولسا a نىڭ سەۋەبى

B بولسا b نىڭ سەۋەبى

C بولسا c نىڭ سەۋەبى

شۇڭا D ئەھۋال d ھادىسىنىڭ سەۋەبى

# VIII باب سىلىشتۇرما خۇلاسە

## 1. سىلىشتۇرما خۇلاسە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سىلىشتۇرما خۇلاسە دېگىنىمىز، ئىككى ياكى ئىككى تۇر ئوبيېكتنىڭ بىر قىسىم بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ياكى ئوخشىشىپراق كېتىدىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ باشقا بەلگىلىرىنىڭمۇ ئوخشاشلىقى ياكى ئوخشىشىپراق كېتىدىغانلىقى يەكۈنلەپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسىدۇر.

مەسىلەن:

ئامېرىكا كالفورنىيە شتاتىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە هاۋا كېلىماتى مەملىكىتىمىز نىڭجەنۇبىدىكى بەزى رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە هاۋا كېلىماتى بىلەن ئوخشاش.
مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئاشۇ بەزى رايونلاردا گەنجۈي ئۆستۈرۈلۈپ ياخشى هوسۇل ئېلىنىدۇ.

شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ كالفورنىيە شتاتىدىمۇ گەنجۈي ئۆستۈرۈلسە ياخشى هوسۇل ئېلىنىشى مۇمكىن.

سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

A ئوبيېكت a، b، c، d بەلگىگە ئىگە
B ئوبيېكت a، b، c بەلگىگە ئىگە

شۇڭا، B ئوبيېكتمۇ d بەلگىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئۇنىڭ پىكىر يۈنىلىشى ئايرىمىلىقتىن ئايرىمىلىققا، ئالاھىدىلىكتىن ئالاھىدىلىككە

ئۆتىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بۇ خۇلاسىنىڭ يەكۇنى ئېھتىماللىقتا ئىگە بولىدۇ. يەنى ئاساس ھەقىقىي بولغان تەقدىردىمۇ يەكۇنى ھەقىقىي بولۇشىمۇ، ساختا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**2. سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ يەشمە خۇلاسە ۋە يىغما خۇلاسە بىلەن بولغان پەرقى نېمە؟**

جاۋاب: يەشمە خۇلاسىدە پىكىر ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا ئۆتىدۇ. يىغما خۇلاسىدە بولسا پىكىر ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققا ئۆتىدۇ. سىلىشتۇرما خۇلاسىدە بولسا پىكىر ئايرىملىقتىن ئايرىملىققا، يەنى ئالاھىدىلىكتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتىدۇ. يەشمە خۇلاسىنىڭ يەكۇنى مۇقەررەرلىككە ئىگە بولىدۇ. يىغما خۇلاسە بىلەن سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ يەكۇنى ئومۇمەن مۇقەررەرلىككە ئىگە بولماستىن، ئېھتىماللىققا ئىگە بولىدۇ.

**3. قانداق قىلغاندا سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرى، سىلىشتۇرۇلغان ئىككى ئوبيېكتنىڭ ئوخشاشلىق بەلگىلىرى ئىمكانقەدەر كۆپ بولۇشى كېرەك. قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. يەنە بىرى، ئىككى ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش زىچ بولۇشى، ئىككى ئوبيېكتنىڭ ئوخشاش بولغان ماھىيەتلىك بەلگىلىرىمۇ ئامال بار كۆپ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**4. سىلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ بىلىش جەريانىدىكى رولى**

نىمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: سىلىشتۇرما خۇلاسە كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ھەم ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇ ئىلىم ـ پەندىكى بايقاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم ـ پەندىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم نەزەرىيىلەر ئەڭ دەسلەپ سېلىشتۇرما خۇلاسىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان.

سېلىشتۇرما خۇلاسە كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بىر خىل شەرھلەش، ئىزاھلاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىلمىي بايانلاردا ۋە ئىسپاتلاش جەريانىدا مەلۇم ياردەمچىلىك رول ئوينايدۇ.

## 5. پەرەز دېگەن نىمە، ئۇنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟

جاۋاب: پەرەز دېگىنىمىز، ئىلمىي پەرەز بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە بار بولغان پاكىتلار بىلەن ئىلمىي نەزەرىيىلەرنى ئاساس قىلىپ تېخى نامەلۇم بولغان شەيئى، ھادىسە ۋە قانۇنىيەتلەرنى قىياسەن ئىزاھلاپ بېرىشتىن ئىبارەت تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر.

مەسىلەن، دوختۇر كېسەل كىشىدە كۆرۈلگەن مەلۇم ھادىسىلەرگە ئاساسەن شۇ ھادىسىنىڭ قانداق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققىنىنى ھادىسە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قىياس قىلىپ، بەزى زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ، ئاندىن كېسەل كىشىدە قايسىبىر خىل كېسەلنىڭ بارلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ جەريان، بىز دەۋاتقان ئىلمىي پەرەز دائىرىسىگە كىرىدۇ.

پەرەزنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى: (1) ئىلمىي پەرەزدە پاكىتلار بىلەن ئىلمىي نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئاساس قىلىنىدۇ؛ (2)

پەرەز يەنىلا مۆلچەر خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ ئىسپاتلانغان ئىلمىي نەزەرىيە ۋە قانۇنىيەتلەرگە ئوخشاشمايدۇ، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولىدۇ ۋە داۋاملىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ؛ (3) پەرەز كىشىلەر بىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە يېقىنلاشقان فورمىسى. ئۇ تېخىمۇ تولۇقلانسا، يېڭىلانسا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تېخىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

## 6. پەرەزدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك قانداق شەرتلەر بار؟

جاۋاب: 1. پەرەزنىڭ مەزمۇنى ھەرگىز ئىلمىي دۇنيا قاراشقا زىت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

2. پەرەزنىڭ مەزمۇنى ئاللىبۇرۇن مەلۇم بولغان ئېنىق، ئىشەنچلىك نەزەرىيىگە زىت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئەگەر زىت بولۇپ قالسا دەرھال تۈزىتىش كېرەك.

3. پەرەز ئۆزى چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەلۇم بىر ھادىسىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى كېرەك.

4. پەرەز (مەلۇم بىر ھادىسە توغرىسىدىكى ئىلمىي پەرەز) شۇ ھادىسە توغرىسىدىكى باشقا پەرەزلەردىن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى كېرەك.

## 7. پەرەز قانداق شەكىللىنىدۇ؟

جاۋاب: پەرەزنىڭ شەكىللىنىش قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ ھەم خىلمۇخىل بولىدۇ. پەرەزنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پەرەزنىڭ شەكىللىنىشى مۇنداق ئىككى ئاساسىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

1. ئاز ساندىكى پاكىتلار بىلەن ئىلمىي قائىدىلەرگە ئاساسەن تەپەككۇر جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق (خۇلاسە

شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ) تەخمىنىي ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ پەرەزنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

2. تاللىۋېلىنغان دەسلەپكى مۆلچەرنى ئاساس قىلىپ، پاكىتلار ۋە ئىلمىي ئاساسلار ئارقىلىق ئەتراپلىق ئىسپاتلاپ، ئۆزىنىڭ پەرىزىنى قۇرۇلما جەھەتتە مۇقىم بىر سىستېما قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. مانا بۇ پەرەزنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدۇر.

### 8. پەرەزنىڭ قانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: بىلىش پائالىيىتى جەريانىدا، بولۇپمۇ ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا پەرەز ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان بولغاچقا، پەرەز ئىنتايىن مۇھىم بىلىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

1. پەرەز تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم - پەن تارىخىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلار، قائىدىلەر، قانۇنىيەتلەر پەرەز شەكلى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

2. پەرەز ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. پەلسەپە تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان قاراشلار ئەڭ دەسلەپتە پەرەز ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

3. پەرەز كۈندىلىك خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىشتىمۇ كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ.

4. پەرەز رازۋېدكا خىزمىتىدىكى بىلىش ۋە ئىسپاتلاش جەريانىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

# Ⅸ باب ئىسپاتلاش

ئىسپاتلاش مەلۇم ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىيلىقى ياكى ساختىلىقى ئېنىقلانغانلىقىغا قاراپ ئىسپات ۋە رەددىيە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئىسپات دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسپات دېگىنىمىز، بىر ياكى بىرقانچە ھەقىقىي ھۆكۈملەر ئارقىلىق يەنە بىر ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىيلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان بىر خىل تەپەككۇر جەريانى. مەسىلەن:

نۇرنىڭمۇ ماسسىسى بولىدۇ، چۈنكى نۇر ئۆزى چۈشكەن جىسىمغا بېسىم پەيدا قىلالايدۇ. پەقەت ماسسا بولغاندىلا ئاندىن ئۆزى چۈشكەن جىسىمغا بېسىم ھاسىل قىلالايدۇ.

ھەرقانداق ئىسپات — ئىسپات تېمىسى، ئىسپات ئاساسى ۋە ئىسپات شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپىدۇ.

ئىسپات تېمىسى دېگىنىمىز، ئىسپاتتا ھەقىقىيلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ھۆكۈم.

ئىسپات ئاساسى دېگىنىمىز، ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە يېتەرلىك ئاساس بولىدىغان ھۆكۈملەردۇر.

ئىسپات شەكلى بولسا، ئىسپاتتا ئىسپات تېمىسى بىلەن ئىسپات ئاساسىنىڭ باغلىنىش شەكلى، يەنى ئىسپاتلاشتا قوللىنىلىدىغان

خۇلاسە شەكلىدىن ئىبارەت.

**2. ئىسپات بىلەن خۇلاسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

جاۋاب: ئىسپات بىلەن خۇلاسە ھەم زىچ باغلىنىشلىق، ھەم پەرقلىق بولىدۇ. خۇلاسە ئىسپاتنىڭ ۋاستىسى، ئىسپات خۇلاسىنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلىشى. ھەرقانداق ئىسپات خۇلاسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتە، ئىسپات ئاساسى خۇلاسىنىڭ ئاساسىغا، ئىسپات تېمىسى خۇلاسىنىڭ يەكۈنىگە، ئىسپات شەكلى خۇلاسە شەكلىگە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىغا قاراڭ.

| خۇلاسە | ئىسپات |
|---|---|
| مېتال توك ئۆتكۈزىدۇ | مىس توك ئۆتكۈزىدۇ |
| مىس — مېتال | چۈنكى، مىس — مېتال |
| شۇڭا، مىس توك ئۆتكۈزىدۇ | مېتال توك ئۆتكۈزىدۇ |

ئىسپات بىلەن خۇلاسە تۆۋەندىكى تەرەپلەردە پەرقلىنىدۇ:

1. بىلىش جەريانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خۇلاسىدە ئاساسلاردىن يەكۈنگە ئۆتىمىز. ئىسپاتتا بولسا ئىسپات تېمىسىنى، يەنى يەكۈننى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى ئاساسلار ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

2. ئىسپاتنىڭ قۇرۇلمىسى كۆپ ھاللاردا خۇلاسىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن مۇرەككەپ بولىدۇ.

3. خۇلاسىدە بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمدىن يەنە بىر ھۆكۈم يەكۈنلەپ چىقىرىلسا، ئىسپاتتا بىر ياكى بىرنەچچە ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىيلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق، يەنە بىر ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىيلىقى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

4 . ھەرقانداق ئىسپاتتا خۇلاسە قوللىنىلىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق خۇلاسە ئىسپات بولۇۋەرمەيدۇ.

## 3. ئىسپات قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ئىسپات ئىسپات شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن يەشمە ئىسپات، يىغما ئىسپات دەپ ئىككى تۈرگە، ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ۋاسىتىسىز ئىسپات ۋە ۋاسىتىلىك ئىسپات دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ۋاسىتىلىك ئىسپات ئۆز ئىچىدىن قارشى ئىسپات ۋە تاللانما ئىسپات دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 4. يەشمە ئىسپات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يەشمە ئىسپات دېگىنىمىز، يەشمە خۇلاسە شەكلىنى ئىسپات شەكلى قىلغان ئىسپات بولۇپ، يەشمە خۇلاسە مۇقەررەر خاراكتېرلىك خۇلاسە بولغاچقا، يەشمە ئىسپاتمۇ مۇقەررەر خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئورانگوتان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش قورالىنى ياسىيالمايدۇ ۋە ئىشلىتەلمەيدۇ. يۇقىرى دەرىجىدىكى تىل ۋە تەپەككۇرغا ئىگە ئەمەس. ئادەم بولسا ئىشلەپچىقىرىش قورالىنى ياسىيالايدۇ ۋە ئىشلىتەلەيدۇ، يۇقىرى دەرىجىدىكى تىل ۋە تەپەككۇرغا ئىگە.

بۇ بىر يەشمە ئىسپات بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئۈچ ھۆكۈملۈك ئىسپاتلاش شەكلى قوللىنىلغان. ئۇنىڭدا يەشمە خۇلاسىگە ئوخشاش ئومۇمىي قائىدىلەرگە ئاساسەن ئالاھىدىلىك ۋە ئايرىملىق ئىسپاتلىنىدۇ.

### 5. يىغما ئىسپات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يىغما ئىسپات دېگىنىمىز، يىغما خۇلاسە شەكلىنى ئىسپاتلاش شەكلى قىلغان ئىسپات بولۇپ، ئالاھىدە ياكى ئايرىم خاراكتېرلىك ھۆكۈملەرگە ئاساسەن ئومۇمىي خاراكتېرلىك بىر ھۆكۈم ئىسپاتلاپ چىقىدىغان خۇلاسىدۇر.

يىغما ئىسپات يىغما خۇلاسە شەكلى بويىچە ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئەگەر ئۇ ئىسپات شەكلى تولۇق يىغما خۇلاسە شەكلىدە بولسا، ئۇ ئىسپات مۇقەررەرلىككە ئىگە بولىدۇ؛ تولۇقسىز يىغما خۇلاسە شەكلىدە بولسا، ئۇ ھالدا ئىسپات ئاساسى بىلەن ئىسپات تېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئېھتىماللىققا ئىگە بولىدۇ.

### 6. ۋاستىسىز ئىسپات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋاستىسىز ئىسپات دېگىنىمىز، ئىسپات ئاساسىنىڭ ھەقىقىيلىكىدىن ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىكىنى بىۋاستە ئېنىقلاپ چىقىدىغان ئىسپاتتۇر.

ۋاستىسىز ئىسپاتتا، ھەر خىل خۇلاسە شەكىللىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. يەشمە ئىسپات بىلەن يىغما ئىسپاتمۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ۋاستىسىز ئىسپات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئىسپاتلاردا ئىسپات ئاساسىنىڭ ھەقىقىيلىقىدىن ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىقى توغرىدىن - توغرا ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ.

### 7. ۋاستىلىك ئىسپات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋاستىلىك ئىسپات دېگىنىمىز، ئىسپات تېمىسىغا زىت بولغان ھۆكۈمنىڭ خاتالىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىكىنى ئېنىقلاپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىسپات

شەكلىدۇر. بۇ خىل ئىسپات، تەتۈر ئىسپات ياكى قارشى ئىسپات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«جۇڭگو قەدىمكى زاماندا پەن ـ مەدەنىيەتتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان دۆلەت». مۇبادا جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى پەن ـ مەدەنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپمىغان بولسا، ئۇنداقتا جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلىرى بولمىغان بولاتتى. جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئە، كومپاس، مىلتىق دورىسى قاتارلىق ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا يەنە تىبابەتچىلىك، مېتاللورگىيە، بىناكارلىق، خىمىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان نۇرغۇنلىغان كەشپىياتلىرى بولغان. دېمەك، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى پەن ـ مەدەنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

## 8. قارشى ئىسپات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قارشى ئىسپات دېگىنىمىز، ئىسپاتلىماقچى بولغان ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىسپاتلىماستىن شۇ ئىسپات تېمىسىغا زىت بولغان ھۆكۈمنىڭ ساختىلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئارقىلىق ئەسلىي ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن:

«دۆلىتىمىزدە خەلق دېموكراتىك دېكتاتورىسى» يولغا قويۇلۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولىدۇ. خەلق بالايىئاپەتكە ئۇچرايدۇ.

## 9. تاللانما ئىسپات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تاللانما ئىسپات دېگىنىمىز، ئالدى بىلەن مەلۇم مەسىلىگە ئالاقىدار بارلىق ئېھتىماللىقلارنى تېپىپ چىقىپ، بۇلاردىن

ئىسپات تېمىسىدىن باشقا ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ (ساختا ئىكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ ئىسپاتلاپ) چەتكە چىقىرىپ، ئاخىردا شۇ ئىسپات تېمىسىنىڭلا ھەقىقىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدىغان ئىسپاتتۇر.

مەسىلەن:

«ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى» پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى يا ئەسلىدە بار بولۇشى كېرەك، يا ئاسماندىن چۈشۈشى كېرەك، ياكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىشى كېرەك. ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئەسلىدە بارمۇ؟ ياق. ئاسماندىن چۈشكەنمۇ؟ ياق. ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كەلگەن.

## 10. ئىسپاتنىڭ قانداق قائىدىلىرى بار؟

جاۋاب: ئىسپاتنىڭ ئىسپاتلىق بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك.

1. بىر پۈتۈن ئىسپات جەريانىدا ئىسپات تېمىسى ئېنىق، ھەقىقىي بولۇشى، ئەينەنلىكىنى ساقلىشى كېرەك.

2. ئىسپات ئاساسى ھەقىقىي ھۆكۈملەردىن بولۇشى كېرەك.

3. ئىسپات ئاساسىنىڭ ھەقىقىيلىقى ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىغا تايىنىپ ئىسپاتلانماسلىقى كېرەك.

4. ئىسپات ئاساسلىرى ئىسپات تېمىسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

## 11. رەددىيە دېگەن نېمە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ، رەددىيەنىڭ رولى نېمە؟

جاۋاب: رەددىيە دېگىنىمىز، بىر ياكى بىرقانچە ھەقىقىي

ھۆكۈملەر ئارقىلىق يەنە بىر ھۆكۈمنىڭ ساختىلىقىنى ئىنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىسپاتلاش جەريانىدۇر. مەسىلەن:

«تاماكا چېكىش سالامەتلىككە زىيانلىق ئەمەس» دېگەن قاراش خاتا. چۈنكى، تاماكا ئوتىدىن پارچىلانغان ماددىلار ئىچىدە ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولغان 500 خىلدىن ئارتۇق ماددا بار. تاماكا تۈزۈندىلىرى ئىچىدە راكنى پەيدا قىلىدىغان ماددىلار 40 تىن ئاشىدۇ. تاماكا تەركىبى ئىچىدىكى نىكوتىن بىلەن كاربون ئوكسىدى يۈرەكنىڭ قان تومۇرلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈرىدۇ، يەنە ئۆپكە راكى، مېڭىگە قان چۈشۈش، يۇقىرى قان بېسىمى، كاناي يالـلۇغى ۋە باشقا نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ تەسىرى بولىدۇ. ئۆپكە راكى بىلەن ئۆلگۈچىلەرنىڭ 80 % — 90 ىنىڭ تاماكا چېكىدىغانلار ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

رەددىيەنىڭ تۈزۈلۈشىدە، ھەرقانداق رەددىيە ئىسپاتقا ئوخشاشلا ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى رەددىيە تېمىسى، رەددىيە ئاساسى ۋە رەددىيە شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

رەددىيە تېمىسى — رەددىيىدە ساختىلىقى مۇئەييەنلەشتۈرىلىدىغان ھۆكۈم.

رەددىيە ئاساسى — رەددىيە تېمىسىنىڭ ساختىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان دەلىللەر.

رەددىيە شەكلى — بولسا رەددىيە ئېلىپ بېرىشتا قوللىنىلىدىغان ھەرخىل خۇلاسە شەكىللىرىدىن ئىبارەت.

رەددىيىنىڭ رولى — دەلىللەر ئارقىلىق سەپسەتىلەرنى ئېچىپ تاشلاش، پاش قىلىش، رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ساختا ھۆكۈمدىن كىشىلەرنى سەسكەندۈرۈشتۇر.

### 12. رەددىيىنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟

جاۋاب: رەددىيىمۇ خۇددى ئىسپاتقا ئوخشاش، ئوخشىمىغان ئاساسلار بويىچە بىۋاسىتە رەددىيە، ۋاسىتىلىك رەددىيە، يەشمە رەددىيە، يىغما رەددىيە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەگەر بىز ئىسپاتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى ئوبدان چۈشىنىۋالىدىغانلا بولساق رەددىيە تۈرلىرىنىمۇ ئاسان چۈشىنىۋالالايمىز.

### 13. بىۋاسىتە رەددىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىۋاسىتە رەددىيە دېگىنىمىز، بىر ياكى بىرقانچە ھەقىقىي ھۆكۈملەر ئارقىلىق مەلۇم ھۆكۈمنىڭ ساختىلىقىنى بىۋاسىتىلا ئىسپاتلاپ بېرىدىغان رەددىيە شەكلىدۇر. مەسىلەن:

ئۈمىدسىزلىك نۇقتىئىنەزىرى بىر خىل خاتا نۇقتىئىنەزەر. چۈنكى، ئۈمىدسىزلىك نۇقتىئىنەزەرى توختاپ قىلىش، تەرەققىي قىلماسلىق، ھەممىدىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بولۇپ، مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەر ھەممىگە ئايان بولغان خاتا نۇقتىئىنەزەردۇر.

### 14. ۋاسىتىلىك رەددىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋاسىتىلىك رەددىيە دېگىنىمىز، رەددىيە بېرىدىغان ھۆكۈم بىلەن قارىمۇقارشى ياكى زىت مۇناسىۋەتتىكى باشقا بىر ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەسلىدە رەددىيە بەرمەكچى بولغان ھۆكۈمنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت رەددىيە شەكلىدۇر.

### 15. يەشمە رەددىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يەشمە رەددىيە دېگىنىمىز، يەشمە خۇلاسە شەكلى

ئارقىلىق رەددىيە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلدۇر. سەپسەتىگە رەددىيە بېرىشتە دائىم يەشمە رەددىيە ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

### 16. يىغما رەددىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يىغما رەددىيە دېگىنىمىز، يىغما خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان رەددىيە بېرىش ئۇسۇلى بولۇپ، كىشىلەر مەلۇم بىر خاتا كۆز قاراشقا رەددىيە بېرىشتە، شۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار پاكىتلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق، ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان رەددىيە بېرىش ئۇسۇلىدۇر.

### 17. رەددىيىنىڭ قانداق قائىدىلىرى بار؟

جاۋاب: رەددىيە ئىسپاتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى بولغاچقا، ئىسپات قىسمىدىكى قائىدىلەرنى رەددىيىنىڭمۇ قائىدىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. يەنى رەددىيىدىمۇ، ئوخشاشلا ئىسپات قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك.

# X باب تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى

كىشىلەر ئۇقۇملار ئارقىلىق ھۆكۈم، ھۆكۈملەر ئارقىلىق خۇلاسە ۋە ئىسپاتلاش قاتارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا توغرا بولغان تەپەككۇر شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشتىن سىرت، تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىگىمۇ ئەمەل قىلىشى كېرەك. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى، ئومۇمىي لوگىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## 1. تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى دېگەن نېمە، قايسىلار؟

جاۋاب: تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى، تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلەر بولۇپ، لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى يىغىنچاق ھالدا ئىپادىلەنگەن ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ ئېنىق، ئەينەن، توغرا، ئىزچىل، مۇۋاپىق، مەنتەقىي، قايىل قىلارلىق بولۇشىغا كېپىللىك قىلىدىغان قانۇنىيەتلەردىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىنىدىكەن، ھەقىقىي ۋە توغرا پىكىر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەر توغرا تەپەككۇرنىڭ زۆرۈر شەرتى. شۇڭا ئۇ، لوگىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى پىكىرنىڭ ئەينەن، ئېنىق، توغرا، ئاساسلىق بولۇشىنى تەمىن ئېتىدىغان

قانۇنىيەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئەينىيەت قانۇنىيىتى، زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى، يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتى ۋە ئۈچىنچىسى مۇستەسنا بولۇش قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت قانۇنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنىڭ رولى نېمە؟

جاۋاب: لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساس قانۇنىيەتلىرى ئەقلىي بىلىش باسقۇچىدىكى تەپەككۇرنىڭ كونكرېت شەكىللىرى بولغان ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە خۇلاسە قاتارلىقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك رول ئويناپ، تەپەككۇرنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ؛ پىكىرنى توغرا ئىپادىلەش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئوبيېكتنى توغرا بىلىش مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ.

## 3. ئەينىيەت قانۇنىيىتى دېگەن نېمە، ئۇنىڭ فورمۇلىسى قانداق؟

جاۋاب: ئەينىيەت قانۇنىيىتى دېگىنىمىز، ئەينى بىر تەپەككۇر (پىكىر) جەريانىدا ئىشلەتكەن ھەربىر ئۇقۇم ۋە ھۆكۈم چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلىشى كېرەك؛ مەنىسى ئۆزگەرمەسلىكى، باشتا نېمە بولسا، ئاخىرىدىمۇ شۇ بولۇشى، يەنى باشتا قانداق مېغىز ۋە قانداق ھەجىمدە بولسا ئاخىرغىچە شۇ مېغىز ۋە شۇ ھەجىمدە بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى: A = A، ياكى (A نى A دېگۈلۈك).

## 4. ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى نېمە؟

جاۋاب: ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. پىكىردە ئىشلىتىلگەن ھەربىر ئۇقۇم مۇقىم مېغىز، مۇقىم ھەجىمدە بولۇشى كېرەك.

2. ھەربىر ھۆكۈم چوقۇم مۇقىم ۋە ئەينى بىر مەزمۇندا بولۇشى كېرەك.

## 5. ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ رولى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ رولى ئومۇمەن پىكىرنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بولۇپ، كونكرېت قىلغاندا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەينىيەت قانۇنىيىتى ئوبيېكتنى توغرا بىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

2. ئەينىيەت قانۇنىيىتى كىشىلەرنىڭ توغرا پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

3. ئەينىيەت قانۇنىيىتى خاتالىقلارغا رەددىيە بېرىش ۋە نەيرەڭۋازلىقلارنى ئېچىپ تاشلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 6. ئەينىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خاتالىق قايسى؟

جاۋاب: ئەينىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خاتالىق «ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش» ياكى «ئالماشتۇرۇۋېتىش» خاتالىقىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

1. بىز ئەمگەكنى قەدىرلىشىمىز كېرەك.

ئوغرىنىڭ تام تېشىشى ئەمگەك.

شۇڭا، بىز ئوغرىنىڭ تام تېشىشىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك.

2. ئۇيغۇرلار پاراسەتلىك خەلق.

مەن بولسام ئۇيغۇر.

شۇڭا، مەن پاراسەتلىك.

پىكىردە ئەينىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنسا، يۇقىرىقى مىسالدىكىدەك ئېغىر خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. تەپەككۇر جەريانىدا ئاڭسىز خىلاپلىق قىلىپ تاشلاش بىلەن قەستەن خىلاپلىق قىلىشنى پەرقلەندۈرۈش لازىم، ئەلۋەتتە.

## 7. زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى دېگەن نېمە، فورمۇلىسى قايسى؟

جاۋاب: زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى دېگىنىمىز، ئەينى بىر ۋاقىت، ئەينى بىر مۇناسىۋەتتە، ئەينى بىر ئوبيېكتقا قارىتا ئۆزئارا زىت ياكى قارىمۇقارشى ئىككى خىل ئەھۋال مۇئەييەنلەشتۈ- رۈلمەسلىكى لازىم دېگەندىن ئىبارەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەينى بىر پىكىر جەريانىدا بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىككى پىكىر بىرلا ۋاقىتتا بىردەك ھەقىقىي بولماسلىقى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ، زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

1. خەنزۇلارنىڭ «خەنفېيزى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

جۇ بەگلىكىدە نەيزە ۋە قالقان ساتىدىغان بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ بازاردا قالقىنىنى داڭلاپ: «بۇ قالقان شۇنداق مۇستەھكەم ياسالغانكى، ئۇنى ھەرقانداق ئۆتكۈر نەيزىمۇ تېشەلمەيدۇ، كېسەلمەيدۇ» دەيدىكەن: نەيزىسىنى داڭلاپ: «بۇ نەيزە شۇنداق ئۆتكۈر ياسالغانكى، بۇ ھەرقانداق مۇستەھكەم ياسالغان قالقان بولسىمۇ تېشىۋېتىدۇ، كېسىۋېتىدۇ» دەيدىكەن. بىر كۈنى بىر كىشى ئۇنىڭغا «ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ نەيزىسىنى ئۆزۈڭنىڭ قالقىنىغا ئۇرسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوراپتىكەن ئۇ سېتىقچى لام - جىم دېيەلمەي

قاپتۇ.

2. مەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدۇم. پەقەت ئازراق يېرى قالدى.

يۇقىرىقى مىسالنىڭ ھەر ئىككىسىدە پىكىرنىڭ باش ـ ئاخىرى ئىزچىل بولماي، زىددىيەتلىك بولۇپ قالغان بولۇپ، كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدۇ.

زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى:

A غەيرىي A ئەمەس، ياكى A بولسا b، ئۇ غەيرىي b ئەمەس.

**8. زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى، رولى ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان خاتالىق قايسىلار؟**

جاۋاب: تەلىپى: (1) ئەينى بىر ۋاقىت ۋە ئەينى بىر پىكىر جەريانىدا بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىككى ئۇقۇم ئەينى بىر ئوبيېكتقا تەڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇلمەسلىكى كېرەك؛ (2) بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىككى ھۆكۈم بىرلا ۋاقىتتا بىر دەك ھەقىقىي دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇلمەسلىكى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

رولى: پىكىرنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش. پىكىرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە زىت بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. پىكىرنىڭ زىددىيەتسىز بولۇشى توغرا پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان خاتالىق: «ئۆز ـ ئۆزىنى تەستىقلەش»، «پىكىر ئۆز ـ ئۆزىگە زىت بولۇپ قېلىش» تەك لوگىكىلىق خاتالىقتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

پۈتۈن بىنا قاپقاراڭغۇ بولۇپ، پەقەت بىرلا ياتاقتا چىراغ يېنىقلىق ئىدى.

(يەنە يۇقىرىقى سوئالدىكى ئىككى مىسالغا قاراڭ).

زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتىدە ئەينى بىر ۋاقىت، ئەينى بىر مۇناسىۋەت مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. ئەگەر ئەينى بىر ۋاقىت، ئەينى بىر مۇناسىۋەت بولمايدىكەن بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىككى پىكىر زىددىيەتلىك بولمايدۇ. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككى پىكىر بىر - بىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. مەسىلەن:

1. «بۇ دوسكا قارا، بۇ دوسكا تىك تۆت بولۇڭ».

2. «بۇ ئادەم ياش» ئىدى بىر مەزگىللەر ئۆتۈپ «بۇ ئادەم قېرىدى».

1 ـ مىسالدا مۇناسىۋەت ئوخشاشمايدۇ. 2 ـ مىسالدا ۋاقىت ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، بۇ پىكىرلەر زىددىيەتلىك ئەمەس.

**9. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى دېگەن نىمە، فورمۇلىسى قايسى؟**

جاۋاب: ئۈچىنچىسى مۇستەسنا بولۇش قانۇنىيىتى، پىكىرنىڭ ئېنىقلىقى توغرىسىدىكى قانۇنىيەت بولۇپ، ئەينى بىر ۋاقىت، ئەينى بىر مۇناسىۋەتتە ئەينى بىر ئوبيېكت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر - بىرىگە زىت ئىككى پىكىر (ئىدىيە) نىڭ ھەر ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ساختا بولماسلىقى، بىرسى جەزمەن ھەقىقىي بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

ئۈچىنچىسى مۇستەسنا بولۇش قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى:

ياكى A ياكى غەيرىي A

فورمۇلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل ئەھۋالدىن بىرسى جەزمەن ھەقىقىي بولۇشى كېرەك. يەنى ئوبيېكت مەلۇم ئەھۋالغا ياكى ئىگە بولۇشى ياكى ئىگە بولماسلىقى كېرەك. ئۇنداقمۇ ئەمەس، مۇنداقمۇ ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىشقا

بولمايدۇ. مەسىلەن:

1. ئالما ئاتتىم دەرياغا لەيلىمەيدۇ چۆكمەيدۇ.

2. بۇ ئادەم ئىنكاھلانغان ئەمەس، ئىنكاھلانمىغانمۇ ئەمەس.

3. A: يەڭگە، قاسىم ئۆيدە بارمۇ؟

B: ياق.

A: بىر يەرگە چىقىپ كەتتىما؟

B: ياق.

بۇ ئۈچ مىسالنىڭ ھەممىسىدە ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنغان بولۇپ، ئۆزئارا زىت بولغان ھەر ئىككى پىكىر ئىنكار قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى خىل ئەھۋال شەكىللەنگەن.

**10. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى، رولى ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىق نېمە؟**

جاۋاب: تەلىپى: (1) ئەينى بىر پىكىر جەريانىدىكى ئەينى بىر ۋاقىت، ئەينى بىر مۇناسىۋەتتە بىر ئوبيېكت ياكى مەلۇم بەلگىگە ئىگە بولۇش ياكى ئۇ بەلگىگە ئىگە بولماسلىق كېرەك؛ (2) ئەينى بىر پىكىر جەريانىدا ئەينى بىر ئوبيېكت توغرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى پىكىردىن بىرى جەزمەن ھەقىقىي بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

رولى: ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىمۇ باشقا تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاشلا تەپەككۇرنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى پىكىرنىڭ ئېنىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. پىكىردىكى ئىككىلەنگۈرتاقتاقلىق، تايىنسىزلىقنى ئېچىپ تاشلاشتا ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خاتالىق: پىكىردىكى «مۇجمەللىك» ، «لىڭگىرتاقتاقلىق» ، «تايىنىسىزلىق» خاتالىقىدىن ئىبارەت.

**11. زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى بىلەن ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟**

جاۋاب: 1. بۇ ئىككى قانۇنىيەتنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ئوخشاشمايدۇ. زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتى زىت ۋە قارىمۇقارشى پىكىرلەردە ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى زىت پىكىرلەردىلا قوللىنىلىدۇ.

2. تەلەپ جەھەتتە: بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىككى پىكىر زىددىيەتسىز بولۇش قانۇنىيىتىدە بىردەك ھەقىقىي بولماسلىقى كېرەك. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىدە بولسا ئىككى پىكىر بىردەك ساختا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

3. بۇ ئىككى قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خاتالىق ئوخشاش ئەمەس.

**12. يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتى دېگەن نېمە، فورمۇلىسى قايسى؟**

جاۋاب: يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتى دېگىنىمىز، پىكىرنىڭ ئاساسلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇنىيەت بولۇپ، ئىسپاتلاش جەريانىدا مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ھەقىقىي ياكى ساختا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئاساس يەنى دەلىل يېتەرلىك بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى:

A ھەقىقىي. چۈنكى B ھەقىقىي

**13. يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى، رولى، خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان لوگىكىلىق خاتالىق نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: تەلەپ: (1) ئاساس قىلىنغان ھۆكۈملەر ھەقىقىي ھۆكۈم بولۇشى لازىم؛ (2) ئاساس بىلەن يەكۈن ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر لوگىكىلىق باغلىنىش بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

رولى: پىكىرنىڭ ئاساسلىق، ئىشەنچلىك بولۇشىنى تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت.

خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان خاتالىق: پىكىرنىڭ ئاساسى ساختا بولۇپ قېلىش ياكى ئىسپاتلىغىلى بولماسلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

قاسىم ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆگىنىشتە ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، ئەمگەك، تازىلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئالاھىدە ياخشى.

# ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1)

I بىرنى تاللاڭ. تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا توغرا، توغرىسىنى تېپىپ تىرناق ئىچىگە ھەرپلىك بەلگىسىنى يېزىڭ (10×1=10).

1. «ئۆلارنىڭ قاراقچىلىق لوگىكىسىنى ئېچىپ تاشلاش كېرەك» دېگەن جۈملىدىكى لوگىكا سۆزى: (   )

A. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەن

B. ئالاھىدە نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرنى ئىپادىلىگەن

C. تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەن

2. «ئورمان» دېگەن ئۇقۇم: (   )

A. خاس ئۇقۇم

B. توپلام ئۇقۇم

C. مەنپىي ئۇقۇم

3. «S» ھەرپى: (   )

A. ھۆكۈملىگۈچىنى بىلدۈرىدۇ

B. ھۆكۈملەنگۈچىنى بىلدۈرىدۇ

C. باغلىغۇچىنى بىلدۈرىدۇ

4. «توغرا ئىستىل» بىلەن «خاتا ئىستىل» دېگەن ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: (   )

A . قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت
B . قىسمەن ماس مۇناسىۋەت
C . زىت مۇناسىۋەت

5 . «بارلىق دەرەخلەر يوپۇرماقلىق بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈمدە ھۆكۈملەنگۈچى (S) بىلەن ھۆكۈملىگۈچى (P) نىڭ ھەجىمى: (    )

A . بىردەك پۈتۈن ھەجىملىك بولىدۇ
B . «S» قىسمەن ھەجىملىك، «P» پۈتۈن ھەجىملىك بولىدۇ
C . «S» پۈتۈن ھەجىملىك، «P» قىسمەن ھەجىملىك بولىدۇ

6 . «ئۈرۈمچى غۇلجىدىن چوڭ» دېگەن ھۆكۈم: (    )

A . خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم
B . مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم
C . بىرلەشمە ھۆكۈم

7 . «S» ئېھتىمال «P» بولۇشى مۇمكىن دېگەن فورمۇلا: (    )

A . تاللانما ھۆكۈم
B . راي ھۆكۈم
C . خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم

8 . مەنپىي ھۆكۈم تەۋەلىك جەھەتتە: (    )

A . بىرلەشمە ھۆكۈم
B . قوشما ھۆكۈم
C . ئاددىي ھۆكۈم

9 . «تەپەككۇر شەكلى» بىلەن «ئۇقۇم» ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەت: (   )
A. قىسمەن ماس مۇناسىۋەت
B. جىنس - تۈر مۇناسىۋەت (بېقىندا مۇناسىۋەت)
C. تولۇق ماس مۇناسىۋەت
10. ئوغۇتنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى، ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ: (   )
A. يېتەرلىك شەرتى
B. زۆرۈر شەرتى
C. ھەم يېتەرلىك ھەم زۆرۈر شەرتى

Ⅱ بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ (10×1=10).
1. پىكىردە ھەجىمى چوڭ ئۇقۇمدىن ھەجىمى كىچىك ئۇقۇمغا ئۆتۈش ئۇسۇلى ئۇقۇمنى (   ) دەپ ئاتىلىدۇ.
2. ھۆكۈم ئىپادىلىگەن ئەھۋال ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسا ئۇ ھۆكۈم (   ) ھۆكۈم بولىدۇ.
3. «E» ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى (   ) ھەجىملىك بولىدۇ.
4. زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ شەرت بۆلىكى ۋە نەتىجە بۆلىكى بىردەك ھەقىقىي بولغاندا، بۇ ھۆكۈم (   ) بولىدۇ.
5. خۇلاسە (   ) ۋە يەكۈندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ.
6. «P» ھەرپى ئۈچ ھۆكۈملۈكتە (   ) غا، خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمدە (   ) گە، بىرلەشمە ھۆكۈمدە (   ) غا، خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمدە (   ) گە، شەرتلىك ھۆكۈمدە (   ) گە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

Ⅲ قىسقىچە جاۋاب بېرىڭ (4×4=16).

1. ئومۇمىي لوگىكا قانداق پەن؟ ئۇنىڭ تۈپ تەلىپى نېمە؟
2. ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ۋە ھەجىمى دېگەن نېمە؟
3. ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟
4. پەرەز دېگەن نېمە؟ ئىسپات دېگەنچۇ؟

Ⅳ تەپسىلىي جاۋاب بېرىڭ (4×3=12).

1. ھۆكۈم بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟
2. ئېنىقلىمىنىڭ قانداق قائىدىلىرى بار؟ ئۇلارغا خىلاپلىق قىلىنسا قانداق لوگىكىلىق خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ؟
3. يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسە ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

Ⅴ ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تەلىپى بويىچە تەھلىل قىلىپ جاۋاب بېرىڭ (3×4=12).

1. ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكى شەكىلگە مۇۋاپىق ئۇقۇم تولدۇرۇڭ؟




2. تۆۋەندىكى ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدا قايسى خىل مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ ھەمدە شەكىل ئارقىلىق كۆرسىتىڭ.

A . ئۇيغۇر

B . ئوقۇتقۇچى

C . ئۇيغۇر شائىرى

3 . ئاستىغا سىزىق سىزىلغان ئۇقۇملار ئاستىغا سىزىق سىزىلمىغان ئۇقۇملار ئارقىلىق مىغىز جەھەتتىن ئىپىنقلانغانمۇ ياكى ھەجىم جەھەتتىنمۇ؟

ئورمان بايلىقى — دەل - دەرەخ ھەم ئورمان دائىرىسى ئىچىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۇنۇمىگە قاراپ مۇھاپىزەت ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان ۋە يېقىلغۇ ئورمىنى دېگەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**Ⅵ تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسى خىل تەپەككۇر شەكلى (قايسى خىل ھۆكۈم ياكى خۇلاسە) ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ ھەمدە فورمۇلاسىنى يېزىڭ** (8×3=24) .

1 . ھەقىقىي بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.

2 . بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بالا ھەمرىيى بولغان ھايۋانلار ئەمەس.

3 . جۇڭگو دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت.

4 . ياكى ئۇلار كەلگەن ياكى سىلەر بارغان.

5 . جەمىلە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە مۇسابىقىلىرىدە ئوخشاشلا بىرىنچىلىكنى ئالدى.

6. قۇشلارنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى بولىدۇ.

ياۋا ئۆردەك بولسا قۇش.
شۇنداق ئىكەن ياۋا ئۆردەكنىڭمۇ ئومۇرتقا سۆڭىكى بولىدۇ.

7. قاسىم ھەربىي، شۇنداقلا ئۇ دوختۇر.
دېمەك، قاسىم ھەربىي دوختۇر.

8. ئەگەر قىلغان ئىشىڭنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دېسەڭ، ياخشىسى شۇ ئىشنى قىلما.

VII تەھلىل قىلىپ جاۋاب بېرىڭ (8×2=16).
1. تۆۋەندىكى ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئەندىزە ۋە پاسونىنى يېزىڭ، توغرا خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىپ ئىسپاتلاڭ.
بىز ماركسىزمچىلارمىز،
شۇڭا بىز تارىخنى ئۆزۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

2. تۆۋەندىكى بۆلۈش توغرىمۇ ـ يوق، ئەگەر توغرا بولمىغان بولسا بۆلۈشنىڭ قايسى قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانداق لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىققان؟
1) شەھەر ئاھالىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر، خەنزۇلار، چەت ئەل مۇھاجىرلىرى، ئىشچىلار، كادىرلار، زىيالىيلار قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2)

I بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ (10×1=10).

1. لوگىكا ئىلمى (          ) لوگىكا بىلەن دىئالېكتىك لوگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. تەپەككۇرنىڭ ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ۋاستىلىك بىلىش جەريانى ۋە (          ) بىلىش جەريانىدىن ئىبارەت.

3. ھەجىمى كىچىك ئۇقۇمدىن ھەجىمى چوڭ ئۇقۇمغا ئۆتۈش ئۇسۇلى ئۇقۇمنى (          ) دېيىلىدۇ.

4. ھۆكۈم ئىپادىلىگەن ئەھۋال ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا، (          ) ھۆكۈم بولىدۇ.

5. A ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى (          ) ھەجىملىك بولىدۇ.

6. خۇلاسە پىكىر يۈنىلىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ يەشمە خۇلاسە، يىغما خۇلاسە ۋە (          ) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

7. زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ شەرت ۋە نەتىجە بۆلىكى بىردەك ساختا بولغاندا بۇ ھۆكۈم (          ) بولىدۇ.

8. ئۈچ ھۆكۈملۈكتە M ھەرپى (          ) غا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

9. پەرەزدە پاكىت ۋە (          ) ئاساس قىلىنىدۇ.

10. ئىسپات تېمىسى دېگىنىمىز ئىسپاتلاش ئارقىلىق (          ) مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ھۆكۈم.

Ⅱ هەربىر سوئالغا بېرىلگەن ئۈچ خىل جاۋاب ئىچىدە پەقەت بىرسىلا توغرا، توغرىسىنى تاللاپ هەربىپ بەلگىسىنى سوئال ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىــگە تولدۇرۇڭ، ئارتۇق تاللىسىڭىز نومۇر بېرىلمەيدۇ (10=1×10).

1. «ئورمان» دېگەن ئۇقۇم: (   )
A. خاس ئۇقۇم
B. توپلام ئۇقۇم
C. تۈردەش ئۇقۇم

2. «ئايال» بىــلەن «دوختۇر» دېگەن ئىـــككـــى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: (   )
A. هەقىقىي ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى (بېقىندىلىق)
B. هەقىقىي ئىچىگە ئېلىنىش مۇناسىۋىتى (بېقىندىلىق)
C. قىسمەن ماس مۇناسىۋەت

3. «زومىگەرلىكنىڭ قاراقچىلىق لوگىكىسى بولىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «لوگىكا» ئاتالغۇسى مۇنداق مەنىدە كەلگەن: (   )
A. شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى
B. تەپەككۇر قانۇنىيىتى
C. ئالاهىدە نۇقتىئىنەزەر، نەزەرىيە

4. «S» هەرپى ئۈچ هۆكۈملۈكتە: (   )
A. چوڭ ئاتالغۇنى بىلدۈرىدۇ
B. كىچىك ئاتالغۇنى بىلدۈرىدۇ
C. ئوتتۇرا ئاتالغۇنى بىلدۈرىدۇ

5. «جۈپ سان ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدىغانساندۇر» دېگەن ئېنىقلىما: (   )
A. رول ئېنىقلىمىسى
B. مەنبەئە ئېنىقلىمىسى
C. مۇناسىۋەت ئېنىقلىمىسى

6. «SOP» بەلگىسى: (   )

A. جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈمنىڭ بەلگىسى
B. جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈمنىڭ بەلگىسى
C. خاس ئىنكار ھۆكۈمنىڭ بەلگىسى
7. مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم تەۋەلىك جەھەتتىن: ( )
A. راي ھۆكۈم
B. قوشما ھۆكۈم
C. ئاددىي ھۆكۈم
8. «كىشىدە شەخسىي ئارزۇ بولۇشمۇ ياخشى ئەمەس، بولماسلىقمۇ ياخشى ئەمەس» دېگەن پىكىر: ( )
A. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىگە خىلاپ
B. زىددىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ
C. ئەينىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ
9. «سىزمۇ ئوقۇغۇچى، شۇڭا گەپ ئاڭلىشىڭىز كېرەك» دېگەن ئۈچ ھۆكۈملۈكتە: ( )
A. چوڭ ئاساس قىسقارتىلغان
B. كىچىك ئاساس قىسقارتىلغان
C. يەكۈن قىسقارتىلغان
10. A ھۆكۈم بىلەن I ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: ( )
A. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت
B. زىت مۇناسىۋەت
C. بېقىندىلىق مۇناسىۋەت

**Ⅲ كۆپنى تاللاش. تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن بەش خىل جاۋاب ئىچىدىن توغرا دەپ قارىغانلىرىڭىزنى تاللاپ ھەرپ بەلگىسىنى سوئال ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇڭ، ئارتۇق ياكى كەم تاللىسىڭىز نومۇر بېرىلمەيدۇ** .(5×1=5)

1. تۆۋەندىكى لوگىكىلىق خاتالىقلاردىن قايسىلىرى

ئېنىقلىمىنىڭ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان خاتالىق: (    )

A. چالا بۆلۈش.

B. ئېنىقلىما كەڭ بولۇپ كېتىش.

C. ئېنىقلىما تار بولۇپ قىلىش.

D. بۆلۈش ئەينى بىر ئاساس بويىچە بولماسلىق.

E. ئايلانما ئېنىقلىما.

2. A، E، I، O ھۆكۈملەردە S بىلەن P نىڭ ھەجىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى قايسى جۈملىلەر توغرا: (    )

A. A ھۆكۈمدە S قىسمەن، P پۈتۈن ھەجىملىك.

A. E ھۆكۈمدە S بىلەن P پۈتۈن ھەجىملىك.

C. I ھۆكۈمدە S قىسمەن، P پۈتۈن ھەجىملىك.

D. I ھۆكۈمدە S بىلەن P قىسمەن ھەجىملىك.

E. O ھۆكۈمدە S پۈتۈن، P قىسمەن ھەجىملىك.

3. جىنسلىق قىسمەت جەدۋىلى ئارقىلىق سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىي ساختىلىق ئەھۋالىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىڭ (ھەقىقىي بولسا ھەقىقىي، ساختا بولسا ساختا دەپ يېزىڭ).

| p | q | q V p | № |
|---|---|---|---|
| ھەقىقىي | ھەقىقىي | | 1 |
| ھەقىقىي | ساختا | | 2 |
| ساختا | ھەقىقىي | | 3 |
| ساختا | ساختا | | 4 |

4. تۆۋەندىكى سۈپەت ئالماشتۇرۇلغان خۇلاسىلەرنىڭ قايسىلىرى توغرا: (    )

A. $SAP \vdash SIP$

B. $SAP \vdash SEP$

C. $SEP \vdash SAP$

D. $SOP \vdash SIP$

E. $SIP \vdash SOP$

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىلىرى زۆرۈر شەرتلىك خۇلاسىنىڭ قائىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن: (   )

A. شەرت بۆلىكىنى تەستىقلىغاندا، نەتىجە بۆلىكىنىمۇ تەستىقلاش كېرەك

B. شەرت بۆلىكىنى ئىنكار قىلغاندا، نەتىجە بۆلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىش كېرەك، نەتىجە بۆلىكىنى تەستىقلىغاندا، شەرت بۆلىكىنىمۇ تەستىقلاش كېرەك

C. نەتىجە بۆلىكىنى ئىنكار قىلغاندا، شەرت بۆلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىش كېرەك

D. شەرت بۆلىكىنى تەستىقلاش ئارقىلىق نەتىجە بۆلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. نەتىجە بۆلىكىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق شەرت بۆلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ

E: شەرت ۋە نەتىجە بۆلىكىنى بىردەك تەستىقلاش كېرەك

Ⅳ **تەلەپ بويىچە ئورۇنداڭ** (20×1=20).

1. تۆۋەندىكى فورمىلالارنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ (8×1=8).

(1 بۇ S — P    (        )

(2 $p \wedge q$    (        )

3) p ياكى q ( )

4) ئەگەر p بولسا، ئۇ هالدا q بولىدۇ. ( )

5) q ← p دېگىلى بولمايدۇ. ( )

6) ( )

$$\frac{\begin{matrix} M - P \\ M - P \end{matrix}}{\therefore S - P}$$

7) ( )

p ھەمدە q
————
q دېمەك،

8) ( )

$$\frac{\begin{matrix} p \rightarrow q \\ p \end{matrix}}{\therefore q}$$

2. تۆۋەندىكى ھۆكۈملەرنىڭ قايسى خىل ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ (6×1=6).

1) بەزى ۋەكىللەر ماقۇللۇق بىلدۈرگەن تاشلىدى. ( )

2) خىزمەت قىلىشنى بىلگەندىلا، دەم ئېلىشنى بىلىدۇ. ( )

3) ئۇ ياكى جۇڭگودا تۇغۇلغان، ياكى چەت ئەلدە. ( )

4) ئەگەر جىسىم سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىسا،

ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. (    )

5) ئۇچ بەشتىن چوڭ. (    )

6) ئەگەر ئۇ سىنىڭ ھەقىقىي ياخشى دوستۇڭ بولسا، ئۇ سىنىڭ قىيىنچىلىقىڭنى ھەل قىلىشىڭغا ياردەم بېرىدۇ. (    )

3. تۆۋەندىكى خۇلاسىلەرنىڭ نامىنى، يەنى قايسى خىل خۇلاسە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ $(6\times1=6)$.

1) بەزى ئورۇشلار ئادالەتسىز ئورۇش

دېمەك، بەزى ئورۇشلار ئادالەتلىك ئورۇش ئەمەس. (    )

2) بارلىق تاۋارلار ئەمگەك مەھسۇلاتى.

دېمەك، بەزى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى تاۋار. (    )

3) بارلىق تاۋار — ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى.

بەزى تۇرالغۇ ئۆيلەر تاۋار.

دېمەك، بەزى تۇرالغۇ ئۆيلەرمۇ ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى. (    )

4) دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت.

دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت.

دېمەك، دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەت. (    )

5) بىر سان توققۇزغا پۈتۈن بۆلۈنسە، ئۈچكىمۇ پۈتۈن

بۆلۇندۇ.

بۇ سان توققۇزغا پۈتۈن بۆلۈندۇ.

دېمەك، بۇ سان ئۈچكىمۇ پۈتۈن بۆلۈندۇ. (    )

6) A كىشى B كىشىنى چۈشىنىدۇ. (    )

B كىشى C كىشىنى چۈشىنىدۇ.

دېمەك، A كىشى C كىشىنى چۈشىنىشى ناتايىن.

V. ئاتالغۇلارغا ئېنىقلىما بېرىڭ (5×4=20).

1. ئۇقۇمنى كېڭەيتىش:

2. زۆرۈر شەرت:

3. ۋاستىلىك خۇلاسە:

4. ئىسپات ئاساسي:

5. رەددىيە:

VI قىسقىچە جاۋاب بېرىڭ (3×5=15).

1. ماس كېلىش مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

2. ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

3. تەڭقىس خۇلاسە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق شەكىللىرى بار؟

VII تەپسىلىي جاۋاب بېرىڭ.

1. بۆلۈشنىڭ قانداق قائىدىلىرى بار؟ ئۇلارغا خىلاپلىق قىلىنسا قانداق لوگىكىلىق خاتالىقلار يۈز بېرىدۇ؟ (يەتتە نومۇر بېرىلىدۇ)

2. ئىسپات بىلەن خۇلاسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ (ئالتە نومۇر بېرىلىدۇ)

3. سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تېپىشنىڭ لوگىكىلىق ئۇسۇللىرى قايسىلار؟ (يەتتە نومۇر بېرىلىدۇ)

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3)

**I بىرنى تاللاڭ. تۆۋەندىكى ھەر بىر سوئالغا ئۈچتىن جاۋاب بېرىلگەن. ئۇلاردىن پەقەت بىرىلا توغرا، توغرىسىنى تېپىپ، ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە «√» بەلگىسىنى**

قويۇڭ. بىردىن ئارتۇق بەلگە قويۇلسا نومۇر بېرىلمەيدۇ (10×1=10).

1. «ئەقلىلىق» دېگەن ئۇقۇم:

A. تۈردەش ئۇقۇم ( )

B. خاس ئۇقۇم ( )

C. مەنپىي ئۇقۇم ( )

2. «ماركسىزملىق ئىدىيە» بىلەن «ماركسىزمغا يات ئىدىيە» دېگەن ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت:

A. تولۇق ماس مۇناسىۋەت ( )

B. قىسمەن ماس مۇناسىۋەت ( )

C. زىت مۇناسىۋەت ( )

3. «ياش» بىلەن «قېرى» دېگەن ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت:

A. قىسمەن ماس مۇناسىۋەت ( )

B. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت ( )

C. تولۇق ماس مۇناسىۋەت ( )

4. تاۋار — ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات:

A. جىنس ئۇقۇمغا تۈر بەلگە قوشۇلغان ئېنىقلىما ( )

B. مەنبە ئېنىقلىما ( )

C. مۇناسىۋەت ئېنىقلىمىسى ( )

5. I ھۆكۈم بىلەن O ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت:

A. بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ( )

B. تۆۋەن قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت ( )

C. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت ( )

6. «SIP» بەلگىسى:

A. ئومۇمىي تەستىق ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ ( )

B. خاس تەستىق ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ ( )

C. جۇزئىي تەستىق ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ ( )

7. «M» ھەرپى:

A. كىچىك ئاتالغۇنى (مۆچە) بىلدۈرىدۇ ( )

B. ئوتتۇرا ئاتالغۇنى بىلدۈرىدۇ ( )

C. چوڭ ئاتالغۇنى بىلدۈرىدۇ ( )

8. q ھەقىقىي، چۇنكى p ھەقىقىي ھەمدە p دىن q نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ:

A. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى ( )

B. يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى ( )

C. زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى ( )

9. «ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك، سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن ئۈچ ھۆكۈملۈكتە:

A. چوڭ ئاساس قىسقارتىلغان ( )

B. كىچىك ئاساس قىسقارتىلغان ( )

C. يەكۈن قىسقارتىلغان ( )

10. دەۋرىي خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ كېلىپ چىقىشى قوياشتا دەۋر خاراكتېرلىك داغنىڭ پەيدا بولۇشىدىن بولغان: ( )

A. يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىگە خىلاپ ( )

B. زىددىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ ( )

C . ئەينىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ ( )

Ⅱ ئىككىنى تاللاڭ. تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە تۆتتىن جاۋاب بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىلا جاۋاب توغرا. توغرىسىنى تېپىپ، ئارقىسىدىكى ئىسكوپكا ئىچىگە «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ. ئىككىدىن ئارتۇق ياكى كەم بولسا ۋە ياكى بىرىگە خاتا بەلگە قويۇلسا نومۇر بېرىلمەيدۇ. (5×2=10)

1. تەنتەربىيە ھەۋەسكارى: ( )

A. تۇردەش ئۇقۇم ( )

B. خاس ئۇقۇم ( )

C. تەستىقىي ئۇقۇم ( )

D. ئىنكار ئۇقۇم ( )

2. ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق مۇناسىۋەت بار:

A. ئۇقۇمنىڭ ھەجمى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ مېغىزى شۇنچە ئاز بولىدۇ. ( )

B. ئۇقۇمنىڭ ھەجمى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ مېغىزى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ( )

C. ئۇقۇمنىڭ ھەجمى قانچە كىچىك بولسا، ئۇنىڭ مېغىزى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ( )

D. ئۇقۇمنىڭ ھەجمى قانچە كىچىك بولسا، ئۇنىڭ مېغىزى

شۇنچە كىچىك بولىدۇ.
( )

3. A ھۆكۈم بىلەن I ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىي ـ ساختىلىق مۇناسىۋىتىدە:

A. A ھەقىقىي بولغاندا، I ھەقىقىي بولىدۇ. ( )
B. A ساختا بولغاندا، I ناتايىن بولىدۇ. ( )
C. A ھەقىقىي بولغاندا، I ساختا بولىدۇ. ( )
D. I ھەقىقىي بولغاندا، A ساختا بولىدۇ. ( )

4. ئۈچ ھۆكۈملۈك:

A. ھۆكۈمنىڭ بىر تۈرى. ( )
B. خۇلاسىنىڭ بىر خىل تۈرى. ( )
C. سېلىشتۇرما خۇلاسىنىڭ بىر خىل تۈرى. ( )
D. يەشمە خۇلاسىنىڭ بىر خىل تۈرى. ( )

5. يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە:

A. يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ( )
B. يەشمە خۇلاسە يىغما خۇلاسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ( )
C. يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسە مۇناسىۋەتسىز. ( )
D. يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسە بىر نەرسە. ( )

**Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ (11×1=11).**

1. ئۇقۇملارنىڭ ھەجىم مۇناسىۋىتىدىكى ماس كېلىش مۇناسىۋىتى تولۇق ماس مۇناسىۋەت، ( )، ( )

(                    ) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

2. كۆپ قوللىنىلىدىغان بۆلۈش ئۇسۇللىرى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، (                    )، يەنە بىرى، (                    ) دىن ئىبارەت.

3. شەرتلىك ھۆكۈم شەرت بۆلەك، (                    )، (                    ) دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.

4. «ئېھتىمال» دېگەن راي ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈم (                    ) دېيىلىدۇ.

5. يەشمە ئىسپات (                    ) شەكلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسپاتتۇر.

6. رەددىيە بېرىش ئۇسۇللىرى بىۋاسىتە رەددىيە، (                    ) ۋە (                    ) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

7. خۇلاسە (                    ) ۋە (                    ) دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ.

8. ئوبيېكتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە شەكىللىنىش جەريانىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بېرىش ئۇسۇلى (                    ) دېيىلىدۇ.

9. جانلىق تىلدا چوڭ ئاساس، كىچىك ئاساس ياكى يەكۈننىڭ ئىچىدە بىرى قىسقارتىلغان ئۈچ ھۆكۈملۈك (                    ) دېيىلىدۇ.

IV **ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاڭ** (4×3=12).

1. ئۇقۇمنى كېڭەيتىش:

2. مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم:

3 . يېتەرلىك شەرت:

4 . ۋاسىتىلىك رەددىيە:

## V  ھۆكۈم قىلىش.

1 . تۆۋەندىكى ھۆكۈملەرنىڭ قايسى تۈردىكى ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ ھەمدە فورمۇلاسىنى يېزىڭ (6×2=12)

1 . تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر قوشما ھۆكۈمنىڭ قايسى تۈرىگە كىرىدۇ؟

1 ) كۆرەشچانلىقتىن ئايرىلغان بىرلىك بولمايدۇ، بىرلىكتىن ئايرىلغان كۆرەشچانلىق بولمايدۇ.

2 ) سەۋىيەڭنى ئۆستۈرمىسەڭ، جەمئىيەتنىڭ ئارقىسىدا قالىسەن.

3 ) بۈگۈن ياكى شامال چىقىدۇ، ياكى يامغۇر ياغىدۇ.

2 . تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر راي ھۆكۈمنىڭ قايسى تۈرىگە كىرىدۇ؟

1 ) ھەققانىي ئىش چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

2 ) ئۇچار تەخسە يەر شارى سىرتىدىن كەلگەن جىسىم بولۇشى مۇمكىن.

3 ) شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولىدۇ.

2. تۆۋەندىكى ئەندىزە ۋە فورمۇلىلارغا ھۆكۈم قىلىڭ (4×2=8).

1) تۆۋەندىكى ئەندىزىلەر ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قانچىنچى ئەندىزىسى؟

$$\begin{array}{l} P - M \\ S - M \\ \hline \therefore S - P \end{array} \quad (1)$$

$$\begin{array}{l} P - M \\ M - S \\ \hline \therefore S - P \end{array} \quad (2)$$

2) تۆۋەندىكى فورمۇلىلار يىغما خۇلاسىنىڭ قايسى خىل شەكلى؟

$$\begin{array}{l} P - S_1 \\ P - S_2 \\ P - S_3 \\ \text{-----------} \\ P - S_n \end{array} \quad (1)$$

$S_3 ..... S_n$ ، $S_2$ ، $S_1$لار نىڭ ھەممىسى S تۈردىكى ئوبيېكتلار

شۇڭا، ھەممە S — P دۇر

$$\begin{array}{l} P - S_1 \\ P - S_2 \\ P - S_3 \\ \text{-----------} \\ P - S_n \end{array} \quad (2)$$

$S_3 ..... S_n$ ، $S_2$ ، $S_1$لار S تۈردىكى ئوبيېكتلار

ھەمدە ئۇلار P بىلەن سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە

---

شۇڭا، ھەممە S — P

VI قىسقىچە جاۋاب بېرىڭ (4×3=12).

1. رەددىيە دېگەن نېمە، ئۇ قانچە قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ؟

2. ھۆكۈم دېگەن نېمە، ئۇ قانداق ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟

3. ئېنىقلىما بېرىش ئۇسۇللىرى قانچە خىل، ئۇلار قايسىلار؟

VII تەپسىلىي جاۋاب بېرىڭ (3×11=33).

1. توغرا ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئىسپات قايسى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك؟

2. ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە، تەلىپىچۇ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا قانداق خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ؟

3. ئۇقۇم بىلەن سۆز ئىبارە ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1) نىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

I سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. (B)، 2. (B)، 3. (B)، 4. (C)، 5. (C).
6. (B)، 7. (B)، 8. (B)، 9. (B)، 10. (B).

II سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1) تارايتىش. 2) ساختا. 3) پۈتۈن. 4) ھەقىقىي. 5) ئاساس. 6) ① چوڭ ئاتالغۇ. ② ھۆكۈملىگۈچى. ③ بىرلەشكۈچى تارماق. ④ تاللانما بۆلەك. ⑤ شەرت بۆلەك.

III سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئومۇمىي لوگىكا — تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرى، لوگىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە رېئاللىقنى بىلىشنىڭ قىسمەن ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى پەن.

تۈپ تەلىپى: ئۇقۇم ئېنىق بولسۇن، ھۆكۈم مۇۋاپىق بولسۇن، خۇلاسە مەنتەقىي بولسۇن، ئىسپات قايىل قىلارلىق بولسۇن دېگەندىن ئىبارەت.

2. ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

ئۇقۇمنىڭ ھەجمى ئوقۇمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ

ھەممىسىدۇر.

3. ئوبيېكتقا نىسبەتەن مەلۇم بىر نېمىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر.

ھۆكۈم ھەقىقىي ياكى ساختا، تەستىقىي ياكى ئىنكار بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

4. پەرەز — ئەسلىدە بار بولغان پاكىتلار بىلەن ئىلمىي نەزەرىيىنى ئاساس قىلىپ، تېخى بىلىنمىگەن ئوبيېكت ياكى قانۇنىيەتلەرنى قىياسەن ئىزاھلاپ بېرىش دېمەكتۇر.

ئىسپات دېگىنىمىز، بىر ياكى بىرقانچە ھەقىقىي ھۆكۈملەر ئارقىلىق، يەنە بىر ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر جەريانى.

## Ⅳ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ھۆكۈم بىلەن جۈملە زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەم بىرلىك، ھەم روشەن پەرق بار.

بىرلىك بار دېگىنىمىز: ھۆكۈم جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، جۈملە ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. ھۆكۈم پىكىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، جۈملە پىكىرنىڭ ماددىي پوستى (ئىپادە شەكلى) بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا شەكىل بىلەن مەزمۇن مۇناسىۋىتى بار دېگەنلىك بولىدۇ.

پەرقلىك دېگىنىمىز: (1) تەۋەلىك جەھەتتە ھۆكۈم تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، لوگىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، جۈملە تىل شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، گرامماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. (2) ھەرقانداق ھۆكۈم جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئەمما جۈملىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمنى ئىپادىلەۋەرمەيدۇ. يەنى تىلدىكى بايان جۈملە ۋە رىتورىك سوراق جۈملە ھۆكۈمنى بىۋاسىتە ئىپادىلىيەلمەيدۇ. قالغان جۈملىلەر ھۆكۈمنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. (3)

ھۆكۈم پۈتۈن ئىنسانىيەت خاراكتېرىگە ئىگە، جۈملە بولسا مەلۇم مىللەت خاراكتېرىگە ئىگە. (4) ئەينى بىر ھۆكۈم ئوخشاشمىغان شەكىلدىكى جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. بىراق ئەينى بىر جۈملە بىرقانچە ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ.

2. نىلڭ جاۋابى:

1) ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇم بىلەن ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى تەڭ بولۇشى كېرەك. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا ياكى ئېنىقلىما كەڭ بولۇپ كېتىش خاتالىقى ياكى ئېنىقلىما تار بولۇپ قېلىش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ.

2) ئېنىقلىما ئايلانما بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا ياكى ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇم ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇمنى بىۋاستە ئۆز ئىچىگە ئېلىپ «ئەينى بىر سۆز تەكرارلىنىش» لوگىكىلىق خاتالىقى ياكى ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇم ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇمنى ۋاستىلىك ھالدا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قېلىپ، «ئايلانما ئېنىقلىما» شەكىللىنىش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ.

3) ئېنىقلىمىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر (ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش) قوللىنىلماسلىقى ۋە مۇجمەل ئۇقۇم ۋە سۆز - ئىبارىلەر ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا، «ئېنىقلىما مۇجمەل بولۇپ قېلىش» ياكى «ئېنىقلىمىنىڭ مېغىزى ئېچىلماسلىق» لوگىكىلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ.

3. نىلڭ جاۋابى:

يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، بۇ ئىككى خىل خۇلاسە ھەم زىچ باغلىنىشلىق ھەم روشەن پەرقلىق. باغلىنىشلىق دېيىشتىكى سەۋەب، يەشمە خۇلاسە يىغما خۇلاسىنى ئاساس قىلىدۇ. يىغما خۇلاسىمۇ يەشمە خۇلاسىدىن

ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئىككىسى تەپەككۇر جەريانىدا بىر ـ بىرىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلىدۇ.

## V سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. 


A. ئۇيغۇر
B. دوختۇر
C. ئۇيغۇر دوختۇر

2. A. ئۇيغۇر، B. ئوقۇتقۇچى، C. ئۇيغۇر شائىرى.

بۇنىڭدا ئۇقۇم A بىلەن B ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ماس مۇناسىۋەت بار. ئۇقۇم A بىلەن ئۇقۇم C ئوتتۇرىسىدا بېقىندىلىق (جىنس تۈر) مۇناسىۋىتى بار. ئۇقۇم B بىلەن ئۇقۇم C ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ماس مۇناسىۋەت بار.

شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىسەك.




A. ئۇيغۇر
B. ئوقۇتقۇچى
C. ئۇيغۇر شائىرى

3. ئورمان بايلىقى دېگەن ئۇقۇم ئىككى يەردە ئېنىقلانغان بولۇپ، 1 ـ قېتىم مېغىز جەھەتتىن، 2 ـ قېتىم ھەجىم جەھەتتىن ئېنىقلانغان. سەۋەب: 1 ـ قېتىم ئۇقۇمنىڭ بەلگە خاراكتېرى ئېچىلغان، 2 ـ قېتىم ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى ئېچىپ بېرىلگەن.

## VI سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم. ھەممە S — P دۇر. (SAP)
2. جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈم. بەزى S — P ئەمەس. (SOP)
3. خاس تەستىقىي ھۆكۈم. بۇ S — P دۇر. (SAP)
4. سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم. ياكى p، ياكى q. ($p \vee q$)

5. بىرلەشمە ھۆكۈم. p ھەمدە q. (p ∧ q)

6. ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە.

$$\frac{\begin{matrix} M - P \\ S - M \end{matrix}}{\therefore 3 - P}$$

7. بىرلەشمە خۇلاسىنىڭ بىرىككەن شەكلى.

$$\frac{\begin{matrix} p \\ q \end{matrix}}{\therefore p \vee q}$$

8. يېتەرلىك ۋە زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم. (p ↔ q)

## VII سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. بۇ بىر چوڭ ئاساسى قىسقارتىلغان ئۈچ ھۆكۈملۈك بولۇپ، تولۇق شەكلى:

ماركسىزمچىلار تارىخنى ئۈزۈپ قويمايدۇ.

بىز ماركسىزمچىلارمىز.

شۇڭا، بىز تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

ئەندىزىسى:

$$\frac{\begin{matrix} M - P \\ S - M \end{matrix}}{\therefore S - P}$$

پاسونى: (EAE)

بۇ ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە توغرا. ئۇنىڭدا ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ يەتتە تۈرلۈك ئاساسىي قائىدىسى ۋە 1 ـ ئەندىزىنىڭ ئالاھىدە قائىدىسىگە ئۇيغۇن.

2. بۇ بۆلۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭدا بىرلا ۋاقىتتا مىللەت ئايرىمىسى، دۆلەت تەۋەلىك ئايرىمىسى ئىش تەقسىمات

ئايرىمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلچەم ئاساس قىلىنغاچقا، بۆلۈنمىلەرمۇ ئۆزئارا سىغىشىپ قالغان. ئۇقۇم جەھەتتە كاللىدا بەكمۇ ئېلىشمانچىلىق پەيدا قىلغان. دېمەك، بۇنىڭدا بۆلۈش «ئەينى بىر ئاساس بويىچە بولماسلىق»، «بۆلۈنمىلەر سىغىشىپ قېلىش» لوگىكىلىق خاتالىقى كېلىپ چىققان.

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2) نىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

I سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. فورمال لوگىكا (ئومۇمىي لوگىكا)
2. ئومۇملاشتۇرۇپ
3. كېڭەيتىش
4. ھەقىقىي
5. قىسمەن
6. سېلىشتۇرما خۇلاسە
7. ھەقىقىي
8. ئوتتۇرا ئاتالغۇ
9. ئىلمىي نەزەرىيە
10. ھەقىقىيلىقى

II سوئالنىڭ جاۋابلىرى

.1 (B) . 2 . (C) . 3 . (C) . 4 . (B) . 5 . (C) 6. (A) . 7 . (C) . 8 . (A) . 9 . (A) . 10 . (C)

III سوئالنىڭ جاۋابلىرى

.1 (E·C·B) . 2 . (D·B) . 3 . ① ساختا. ② ھەقىقىي. ③ ھەقىقىي. ④ ساختا. 4 . (E·D·C·B) . 5 . (E·D·B) .

## IV سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1) خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم. 2) بىرلەشمە ھۆكۈم. 3) تاللانما ھۆكۈم. 4) شەرتلىك ھۆكۈم. 5) مەنپىي ھۆكۈم. 6) ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە. 7) بىرلەشمە خۇلاسىنىڭ پارچىلانغان شەكىل فورمۇلىسى. 8) يېتەرلىك شەرتلىك كەسمە خۇلاسىنىڭ تەستىق شەكلى.

2. 1) جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈم. 2) يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈم. 3) سىغىشمايدىغان تاللانما ھۆكۈم. 4) يېتەرلىك ھەم زۆرۈر شەرتلىك ھۆكۈم. 5) مۇناسىۋەتلىگۈچى ھۆكۈم. 6) يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈم.

3. 1) سۇپەت ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسلانغان بىۋاسىتە خۇلاسە.

2) ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسلانغان بىۋاسىتە خۇلاسە.

3) ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە.

4) بىرلەشمە خۇلاسىنىڭ قوشۇلغان شەكلى.

5) (يېتەرلىك شەرتلىك ھۆكۈمگە ئاساسلانغان) شەرتلىك كەسمە خۇلاسە.

6) ۋاسىتىلىك مۇناسىۋەتلىگۈچى خۇلاسە.

## V سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. پىكىردە ھەجىمى تار ئۇقۇمدىن ھەجىمى كەڭ ئۇقۇمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر جەريانى.

2. شەرت بولەك ھازىرلانمىسا، نەتىجە جەزمەن كېلىپ چىقمايدىغان، شەرت ھازىرلانسىمۇ، نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ناتايىن بولغان شەرت.

3. ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمنى ئاساس قىلىپ، يەكۈن چىقىرىلىدىغان خۇلاسە.

4. ئىسپات ئېمىسىنىڭ ھەقىقىيلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە يېتەرلىك ئاساس قىلىنىدىغان ھۆكۈملەردىن ئىبارەت.

5. رەددىيە دېگىنىمىز: بىر ياكى بىرقانچە ھەقىقىي ھۆكۈملەر ئارقىلىق يەنە بىر ھۆكۈمنىڭ ساختىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، سەپسەتىنى ئېچىپ تاشلايدىغان پىكىر جەريانى.

## VI سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ھەجىملىرى ئاز دېگەندىمۇ بەلگىلىك دائىرىدە ماس كېلىدىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ماس كېلىش مۇناسىۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىدىن تولۇق ماس مۇناسىۋەت، بېقىندىلىق مۇناسىۋەت (ئىچىگە ئېلىش ۋە ئېلىنىش مۇناسىۋىتى)، قىسمەن ماس مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2. ئوبيېكتقا نىسبەتەن مەلۇم شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تەپەككۇر شەكلى ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ھۆكۈم مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرى، ھۆكۈم ھەقىقىي بولىدۇ ياكى ساختا بولىدۇ. يەنە بىرى، ھۆكۈم ئوبيېكتقا نىسبەتەن بىرەر شەيئىنى تەستىقلايدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ.

3. ئاساسلىرىدىن ئىككىسى شەرتلىك ھۆكۈم، بىر ئاساسى تاللانما ھۆكۈم بولغان خۇلاسە تەڭقىس خۇلاسە دەپ ئاتىلىدۇ.

تەڭقىس خۇلاسىنىڭ ئاددىي تەڭقىس شەكلى، ئىنكار شەكلى، مۇرەككەپ تەستىقىي شەكلى ۋە مۇرەككەپ ئىنكار شەكلىدىن ئىبارەت تۆت خىل شەكلى بار.

## VII سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. بۆلۈشتە مۇنداق ئۈچ قائىدە بار: (1) بۆلۈنگۈچى ئۇقۇم بىلەن بۆلۈنمىلەر تەڭ ھەجىملىك بولۇش كېرەك. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا «بۆلۈنمىلەر ئاز بولۇپ قېلىش» ياكى «بۆلۈنمىلەر كۆپ بولۇپ قېلىش» لوگىكىلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. (2) ھەر قېتىملىق بۆلۈش ئەينى بىر ئاساس (ئۆلچەم) بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا «بۆلۈش ئەينى بىر ئۆلچەم بويىچە بولماسلىق» لوگىكىلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. (3) بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنمىلەر ئۆزئارا ماس كېلىپ قالماسلىق كېرەك. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا «بۆلۈنمىلەر سىغىشىپ قېلىش» لوگىكىلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ.

2. ئىسپات بىلەن خۇلاسە ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق ھەم ئۆزئارا پەرقلىق بولغان ئىككى خىل تەپەككۇر جەريانى. ئۆزئارا باغلىنىشلىق دېگىنىمىزدە: خۇلاسە ئىسپاتنىڭ ۋاستىسى، ئىسپات خۇلاسىنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلىشى ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئىسپات خۇلاسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى؛ قۇرۇلما جەھەتتە ئىسپات ئاساسى خۇلاسىنىڭ ئاساسىغا، ئىسپات تېمىسى خۇلاسىنىڭ يەكۈنىگە، ئىسپات شەكلى خۇلاسىنىڭ شەكلىگە توغرا كېلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆزئارا پەرقلىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: ئىسپات بىلەن خۇلاسىنىڭ پىكىر يۈنىلىشى ۋە تەرتىپى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. يەنى خۇلاسە ئاساستىن يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقىرىدۇ. ئىسپاتتا تېما ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئاساسلار ئارقىلىق ھەقىقىيلىقى مۇئەييەنلەشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىرى ئىسپات بىلەن خۇلاسىنىڭ تەلەپ جەھەتتىكى مۇھىم نۇقتىلىرى ئوخشاشمايدۇ. يەنى، خۇلاسىدە ئاساسنىڭ

ھەقىقىيلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ سەل بوشىراق بولىدۇ. ئىسپاتتا بۇ خىل تەلەپ كۈچلۈك بولىدۇ.

3. سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى دېگىنىمىز: ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان بىر قاتار ھادىسىلەردىن مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش بولماسلىقى يەنە بىر ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش ـ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولۇپ، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىزدەشنىڭ ئورتاقلىقۇچى ئۇسۇل، پەرقلىگۈچى ئۇسۇل، ئورتاقلىغۇچى ـ پەرقلىگۈچى ئۇسۇل، تەڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى ۋە قالدۇقىدىن بىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق بەش خىل لوگىكىلىق ئۇسۇلى بار.

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3) نىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

I سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. تۇردەش ئۇقۇم. (A)
2. زىت مۇناسىۋەت. (C)
3. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت. (B)
4. جىنس ئۇقۇمغا تۇر بەلگە قوشۇلغان ئېنىقلىما. (A)
5. تۆۋەن قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت. (C)
6. جۇزئىي تەستىق ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ. (C)
7. ئوتتۇرا ئاتالغۇ (مۆچە) نى بىلدۈرىدۇ. (B)
8. يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى. (B)
9. يەكۈن قىسقارتىلغان. (C)
10. يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىگە خىلاپ. (A)

## Ⅱ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. (A) تۈردەش ئۇقۇم. (C) تەستىق ھۆكۈم.

2. (A) ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ مېغىزى شۇنچە ئاز بولىدۇ. (C) ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى قانچە كىچىك بولسا، ئۇنىڭ مېغىزى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

3. (A) A ھەقىقىي بولغاندا، I مۇ ھەقىقىي بولىدۇ. (B) A ساختا بولغاندا، I ناتايىن بولىدۇ.

4. (B) خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى. (D) يەشمە خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى.

5. (A) يىغما خۇلاسە بىلەن يەشمە خۇلاسە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. (B) يەشمە خۇلاسە يىغما خۇلاسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

## Ⅲ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. (1) قىسمەن ماس مۇناسىۋەت. (2) بېقىندىلىق مۇناسىۋەت.

2. (1) بىر قېتىم بۆلۈش. (2) ئۇدا بۆلۈش.

3. (1) نەتىجە بۆلەك. (2) شەرتلىك باغلىغۇچى.

4. ئېھتىمال ھۆكۈم.

5. يەشمە خۇلاسە.

6. (1) ۋاستىلىك رەددىيە. (2) يەشمە رەددىيە. (3) يىغما رەددىيە.

7. (1) ئاساس. (2) يەكۈن.

8. مەنبە ئېنىقلىما.

9. ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى.

## Ⅳ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ھەجىمى تار ئۇقۇمدىن ھەجىمى كەڭ ئۇقۇمغا ئۆتۈش ياكى تۈر ئۇقۇمدىن جىنس ئۇقۇمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر پائالىيىتى.

2. ئوبيېكتلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى ھۆكۈم.

3. q بولسا p مۇقەررەر بولىدىغان، q بولمىسا p نىڭ بولماسلىقى ناتايىن بولغان شەرت.

4. ئالدى بىلەن رەددىيە بېرىلىدىغان ئىسپات تېمىسىغا زىت ياكى قارىمۇقارشى بولغان ئىسپات تېمىسىنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئاندىن رەددىيە قانۇنىيىتى بويىچە رەددىيە بېرىلىدىغان ئىسپات تېمىسىنىڭ ساختىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئۇسۇلدۇر.

## Ⅴ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. (1) بىرلەشمە ھۆكۈم. (2) زۆرۈر شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم. (3) سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم.

2. (1) تەستىق مۇررەر راي ھۆكۈم. (2) تەستىق ئېھتىمال راي ھۆكۈم. (3) تەستىق مۇقەررەر راي ھۆكۈم. 2. 1) (1) ئۇچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئىككىنچى ئەندىزىسى. (2) ئۇچ ھۆكۈملۈكنىڭ تۆتىنچى ئەندىزىسى. 2) (1) تولۇقسىز يىغما خۇلاسىنىڭ فورمۇلىسى. (2) ئىلمىي يىغما خۇلاسىنىڭ فورمۇلىسى.

## Ⅵ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. بىر ياكى بىرقانچە ھەقىقىي ھۆكۈملەر ئارقىلىق ئىككىنچى بىر ھۆكۈمنىڭ ساختىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تەپەككۇر

جەرياني. ئۇ رەددىيە تېمىسى، رەددىيە ئاساسي ۋە رەددىيە شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ.

2. تەپەككۇر ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن بىر ەر نېمە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان تەپەككۇر شەكلى هۆكۈم دېيىلىدۇ. ئۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكەر ئىگە.

1) هەرقانداق هۆكۈم ئوبيېكتقا قارىتا بىر نېمىنى تەستىقلايدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ.

2) كونكرېت شارائىتتا هەرقانداق هۆكۈم ياكى هەقىقىي بولىدۇ ياكى ساختا بولىدۇ.

3. ئېنىقلىما بېرىش ئۇسۇللىرى تۆت خىل بولىدۇ:

1) جىنسقا تۈر بەلگە قوشۇلغان ئېنىقلىما.

2) مەنبەئىي ئېنىقلىما.

3) مۇناسىۋەت ئېنىقلىمىسى.

4) رول ئېنىقلىمىسى.

## VII سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. توغرا ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئىسپات تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

1) ئىسپات تېمىسى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك.

مۇنداق دېگەنلىك، ئىسپات تېمىسى ئىپادىلىگەن مەزمۇنلار توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەككى، مۇجمەل، ئىككى بېسلىق بولماسلىقى كېرەك دېگەنلىك.

2) ئىسپات تېمىسى باشتىن - ئاخىر ئۆز ئەينەنلىكىنى ساقلىشى كېرەك. مۇنداق دېگەنلىك بىر ئىسپاتتا پەقەت بىرلا ئىسپات تېمىسى بولۇشى، ئىسپاتلاش باشتىن - ئاخىر مۇشۇ بىر تېمىنى چۆرىدىگەن هالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك دېگەنلىك.

3) ئىسپات ئاساسى، چىنلىقى ئېنىق بولغان بولۇشى كېرەك.

مۇنداق دېگەنلىك، ئىسپاتلاش جەريانىدا ئىسپات ئاساسى قىلىنىدىغان ھۆكۈم چىنلىقى ئېنىقلانغان ھۆكۈم بولۇشى كېرەككى، ساختا ياكى چىنلىقى تېخى ئېنىقلانمىغان ھۆكۈم بولماسلىقى كېرەك.

4) ئىسپات ئاساسىنىڭ چىنلىقى ئىسپات تېمىسىنىڭ چىنلىقىغا تايىنىپ ئىسپاتلانماسلىقى كېرەك.

ئىسپات تېمىسى ئىسپات ئاساسى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر ئىسپات ئاساسىنىڭ چىنلىقى ئىسپات تېمىسىنىڭ چىنلىقىغا تايىنىپ ئىسپاتلانسا، ئىسپات تېمىسى ئۆزىنى ئۆزى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە ئىسپاتلانمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

5) ئىسپات ئاساسلىرىدىن ئىسپات تېمىسى مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان بولۇشى كېرەك.

مۇنداق دېگەنلىك، ئىسپات ئاساسي ئىسپات تېمىسىنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بولۇشى، ئىسپات ئاساسىنىڭ چىنلىقىدىن ئىسپات تېمىسىنىڭ چىنلىقى مۇقەررەر كېلىپ چىقىشى كېرەك دېگەنلىك.

2. ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا ھەربىر پىكىر ئەينەنلىكنى ساقلىشى كېرەك. ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى: ئىشلىتىلگەن ھەربىر ئۇقۇم باشتىن - ئاخىر بىر مېغىز ۋە ئەينى بىر ھەجىمدە بولۇشى، ئىشلىتىلگەن ھەربىر ھۆكۈممۇ چوقۇم مۇقىم بىر مەزمۇندا بولۇشى، نېمە ھۆكۈم بولسا شۇ ھۆكۈم بولۇشى كېرەككى بىر دەم ئۇ، بىر دەم بۇ بولماسلىقى كېرەك.

ئەينىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇقۇمنى، ھۆكۈمنى، مۇھاكىمە تېمىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، ئالماشتۇرۇپ قويۇش لوگىكىلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ.

3. ئۇقۇم بىلەن سۆز ئىبارە ئوتتۇرىسىدا ھەم زىچ باغلىنىش

(بىرلىك)، ھەم روشەن پەرق بار. بىرلىك بار دېيىشتىكى سەۋەب: ئۇقۇم سۆزنىڭ مەزمۇنى، سۆز ئۇقۇمنىڭ يېزىق شەكلى. ھەرقانداق ئۇقۇم سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۇقۇمنى ئىپادىلەۋەرمەيدۇ. يەنى تىلدىكى مۇستەقىل سۆزلەر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ياردەمچى سۆزلەر ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

پەرق بار دېيىشتىكى سەۋەب: ئۇقۇم سۆزنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ بىرى. سۆز بولسا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ تىل شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئەينى ئۇقۇم ئوخشاش بىر تىلدا ئوخشاشمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەينى بىر سۆزمۇ ئەينى بىر تىلدا ئوخشاشمىغان ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇقۇم ئىنسانىيەت خاراكتېرىگە ئىگە، سۆز بولسا مەلۇم مىللەت خاراكتېرىگە ئىگىدۇر.

本书选入高教自学考试逻辑学问答 169 题，附有三套一些模拟考试题及答案。

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئىسلام ياسىن**
جاۋابكار كوررېكتورى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: **ئارزۇگۈل سىدىق**

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

# لوگىكىدىن سوئال - جاۋابلار

تۈزگۈچى: **ئەمەتجان ياسىن**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 5.5
2001 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3110 — 1

---

1SBN7 — 5373 — 0831 — 4 / G. 148
باھاسى: 8.50 يۈەن